ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى
قۇتادغۇ بىلىك ئىنستىتۇتى ئاممىباب تەبىئىي پەن ژۇرنىلى

# بىلىم كۈچ



2021 ـ يىللىق 1 ـ سان



# باش مۇھەررىردىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن،

بىر قانچە ئاي كوللېكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىمىزنىڭ تۇنجى سانى مانا سىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. مەن ئالدى بىلەن يازمىلارنى ئەۋەتكەن ئاپتورلارغا، ئەسەرلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ تۈزىتىپ چىققان ۋە قىممەتلىك تەكلىپ-پىكىرلەرنى بەرگەن تەھرىرلەرگە، شۇنداقلا قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي پەن گۇرۇپپىسىدىكى يېقىندىن ياردەمدە بولغان سەپداشلىرىمىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بىز پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن مەزمۇنى مول، يېڭى ۋە قىزىقارلىق ئەسەرلەرنى كۆپچىلىككە تەقدىم قىلىشقا تىرىشتۇق. ژۇرنىلىمىزدا، كوۋىد ۋاكسىنىسى، مېڭە سەكتىسى، دىئابېت كېسىلى، يۇقۇمىدىغان كېسەللەر قاتارلىق ساغلاملىققا مۇناسىۋەتلىك سەرخىل مەزمۇنلارنى ئوقۇيسىز. كۋانت كومپيۇتېرى ۋە سپىنترونىكس توغرىسىدىكى ئەسەرلەر سىزنى كۋانت دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەلىرى بولغان قۇياش ئېنېرگىيەسى ۋە يادرو بىرىكىش ئېنېرگىيەسى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىسىز. گېن تەھرىرلەش ۋە مۇئون بىلەن بايقاش سىزنى چوقۇم ھەيران قالدۇرىدۇ. سانلىق مەلۇماتلارنى قانداق زاپاسلاش زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يېتىسىز. كومپيۇتېر ئۆزىكىنىڭ قۇمدىن ياسىلىدىغانلىقىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بىز بىلەن ۋاقىتىسىز خوشلاشقان ئالىملىرىمىزنى خاتىرىلەش بىلەن بىرگە، ياش يېتىلىۋاتقان ئالىملىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. شۇنداقلا،سىزنىڭ بۇ سانىمىزغا بولغان قىممەتلىك تەكلىپ-پىكىرلىرىڭىز بىلەن، كېيىنكى سانلارنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك ۋە مەزمۇنلۇق چىقىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پەن-تېخنىكا بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ پەن تېخنىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاشتا، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆرتكىلىك رول ئويىنىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن،

«بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى: دوكتور مەمەتئىمىن ئابباس

مۇقاۋا رەسىم: ئالەمدىكى قارا ئۆڭكۈرنىڭ تەسەۋۋۇر سىخېمىسى(NASA/JPL-Caltech)، تەپسىلاتىنى «قارا ئۆڭكۈر ۋە نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى» ناملىق ئەسەردىن كۆرۈڭ.

ئارقا مۇقاۋا: مەشھۇر ئالىم ئەل بىرۇنىنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان ئاينىڭ ھالەتلىرىنى چۈشەندۈرگەن سىخېمىسى. تەپسىلاتىنى «ئەل بىرۇنى» ناملىق ئەسەردىن كۆرۈڭ.

قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتى
Kutadgu Bilig Enstitüsü
Kutadgu Bilig Institute

# مۇندەرىجە


«بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىغا بېغىشلىما ........ رىشات ئابباس 4


## ئالىملىرىمىز


مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەل روھى ........ قەيسەر مىجىت 6

«ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى پەن-تېخنىكا مېدالى» ساھىبلىرى ........ تەھرىر ھەيئىتى 10

ئەل بىرۇنى ........ ئەركىن سىدىق 12


## پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى


كوۋىد-19 كېسىلىگە قارشى ۋاكسىنا ........ مەمەت ئېمىن 14

كۋانت كومپيۇتېر تەتقىقاتىدا بۆسۈش ........ بارات ئاچىنۇق 19

قارا ئۆڭكۈر ۋە نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى ........ مەمەتئىمىن ئابباس كۆكتارىم 21

يادرو بىرىكىش ئېنېرگىيەسىگە ئېرىشىش بىر خام خىيالمۇ؟ ........ ئابدۇلھەمىد قاراخان 23

پىروۋىسكىت ماتېرىيالى ھەققىدە يېڭىلىق ........ ئابدۇخەبەر مىرزەخمەت 27


## مېدىتسىنا ۋە بىئولوگىيە


يۇقۇمىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوللىرى ........ نامەتجان مەمەت 30

مېڭە سەكتىسى ........ مەمەتجان ياسىن، ھۆرمىرە سالىھ 35

دىئابىت كېسىلى ۋە ئۇنى داۋالاش يۆزلىنىشى ........ مەمەت ئېمىن 47

گېن تەھرىرلەشنىڭ دەۋر بۆلگۈچ قورالى -- CRISPR-Cas9 ........ مۇھەممەد ئىبراھىم 51


## تېخنىكا ۋە ئىنژېنېرلىق


تويوتا پەلسەپەسى ........ مەمتىمىن ئاتامان 60

سانلىق مەلۇماتلارنى زاپاسلاشنىڭ 3-2-1 ئىستراتېگىيەسى ........ ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرېشىت 68

قۇمدىن كرېمنىيغىچە: يىرىم ئۆتكۈزگۈچ سىرلىق دۇنياسى ........ نۇرئەخمەت ئۆمەر 74


## فىزىكا ۋە خىمىيە


خىمىيە توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ........ ئىلياس قاسىم، ئابدۇلھەكىم باقى 81

ئالەم نۇرى مۇئونلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى ........ مەھمۇدجان لىتىپ 85

سپىنترونىك ئىلمى، كومپيۇتېرلارنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ........ بارات ئاچىنۇق 91


## ئۇنىۋېرسال


چاقنىغان يۇلتۇزلىرىمىز ........ قەيسەر مىجىت 99


بىلىم - كۈچ


2021- يىل

1- سان



تەھرىر ھەيئىتى

پەخرى مۇھەررىرلەر

د‍ر. رىشات ئابباس (ئامېرىكا)

د‍ر. ئەركىن سىدىق (ئامېرىكا)

باش مۇھەررىر

د‍ر. مەمەتئىمىن ئابباس (فرانسىيە)

مەسئۇل مۇھەررىر

د‍ر. نامەتجان مەمەت (تۈركىيە)

كەسپىي مۇھەررىرلەر

د‍ر. مەمەت ئېمىن (ئامېرىكا)

د‍ر. ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت (شۋېتسارىيە)

د‍ر. بارات ئاچىنۇق (ئەنگلىيە)

د‍ر. ئىلياس قاسىم (ئاۋىستىرالىيە)

د‍ر. تۇرسۇنجان ياسىن (ئامېرىكا)

د‍ر. مۇھەممەد ئىبراھىم (ئامېرىكا)

د‍ر. قەيسەر مىجىت (ئامېرىكا)

د‍ر. مەمەتجان ياسىن (كانادا)

د‍ر. مەھمۇتجان لىتىپ (تۈركىيە)

مۇھەررىرلەر

د‍ر. ئابلەت سەمەت (گېرمانىيە)

دوكتورانت مېھرىئاي ئوسمان (تۈركىيە)

دوكتورانت ئۇيغۇرىيە ئالىپ (ئەنگلىيە)

لايىھەلىگۈچى

د‍ر. بارات ئاچىنۇق (ئەنگلىيە)

نەشىر مەسئۇلى

ئابدۇلھەمىد قاراخان (تۈركىيە)

نەشىر قىلغۇچى ئورۇن

قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتى



ئېلخەت ئادرېسى

bilimkuchjournal@gmail.com

تور بەت ئادرېسىمىز

https://bilimkuch.org

# «بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلىغا بېغىشلىما

ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىز خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تۈمۈر تاپىنى ئاستىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. بۇ ھايات-ماماتلىق پەيتلەردە قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، خىتايغا قارشى مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىمىزنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، مىللىي ئويغۇنۇشنى كۈچلەندۈرۈپ، مىللىي كىملىكنى ساقلىغان ئاساستا، ئىلىم-پەن ئارقىلىق مىللەتنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قابىلىيەتلىك ياشلارنى تەربىيەلەش، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرىدۇر.

2020-يىلى 21-مارتتا، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىدىكى 100 دىن ئارتۇق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا «قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتى» قۇرۇلدى. بۇ ئىنستىتۇتنىڭ تەبىئىي پەن بۆلۈمىدىكى 50 دىن ئارتۇق پەن تەتقىقاتچىلىرىمىز، ۋەتەندە نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى قوللىنىشچانلىقىنى كېڭەيتىش، مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم-پەننى ئاساس قىلىپ يۈكسىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنى ۋەتەن سىرتىدا داۋاملاشتۇرۇپ چىقىرىشنى قارار قىلدى.

«بىلىم-كۈچ» دېگەن بۇ سۆز مەن ئۈچۈن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. چۈنكى ئۇ ماڭا مەرھۇم دادام ئابباس بۇرھانىنىڭ «مىللىتىمىزنىڭ قەددىنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ كۆتۈرگىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدىيەسىنى ئەسلىتىدۇ ۋە ئۇ ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ مول مەزمۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئەستايىدىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن، تەر تۆككەن قىممەتلىك خاتىرەلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدۇ . مەلۇم بولغىنىدەك، ھاياتلىق ئىلمىنىڭ ئالىمى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى ۋە ئالىي مۇھەررىر، مەرھۇم دادام ئابباس بۇرھان (1932-2010)، ۋەتىنىمىزدە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى روناق تاپقۇزۇش شۇنداقلا خەلقىمىزنى بىلىم بىلەن كۈچلەندۈرۈپ، مىللىتىمىزنى خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە، 1980-يىلى «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىپ، 10 نەچچە يىل مەسئۇل بولۇپ، «بىلىم-كۈچ»، «پەن ۋە تۇرمۇش» ئىسىملىك ژۇرناللارنى نەشر قىلدۇرغان ئىدى. «بىلىم-كۈچ» ئەينى ۋاقىتتا، ۋەتەندىكى ياشلارنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان قىزىقىشىنىڭ قوزغىلىشىدا، ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر پەن-تەتقىقاتچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىدى. بۇ ژۇرنال ۋەتەندە جەمئىي 400 ساندىن ئارتۇق نەشر قىلىنىپ،2017-يىلىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرى توختىتىپ قويۇلدى ۋە ئىلىم-پەن ھەۋەسكارلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قەدىناس ھەمرايى «بىلىم-كۈچ» تىن ئايرىلىپ قالدى. مۇھاجىرەتتىكى زىيالىلار بۇ ناھەقچىلىككە تاقەت قىلالماي تۇرالمىدى .ئۇلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بۇ ژۇرنالنى مۇھاجىرەتتە داۋاملىق نەشر قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ژۇرنالنىڭ چەتئەلدە قايتىدىن نەشر قىلىنىشى، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن دادامغا ئوخشاش، ئۆز مىللىتىنىڭ پەن-تېخنىكىدا قۇدرەت تېپىش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن يول ئېچىپ ماڭغان بۈيۈكلىرىمىزنىڭ ئىزىنى داۋاملاشتۇرۇشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ مۇھاجىرەتتە قايتىدىن نەشر قىلىنىشى، دەل شۇ مەقسەتلىرىمىزگە يېتىشتە خەلقىمىزگە ئىلھام بېرىدىغان ئەجايىب كۈچ بولغۇسى. شۇڭا مەن بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىنى قىزغىن

تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر پەن-تەتقىقاتچىلىرىمىزنى بۇرۇنقىدەك يەككە-يېگانە ھالەتتە ئىش قىلىشقا خاتىمە بېرىپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى قوغداش ۋە مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنى تېزرەك قولغا كەلتۈرۈش يولىدا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا، چارىسىزلىق ئىچىدە تېگىرقاۋاتقان ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىز پەن-تەتقىقاتچىلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى جان پىدالىق بىلەن ئاقلاشقا چاقىرىمەن۞

ھۆرمەت بىلەن: دوكتور رىشات ئاباس (تىببىي دورا تەتقىقات يېتەكچىسى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى پەخرى رەئىسى).





# مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەل روھى

(تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر تەبىئىي پەن ئالىمى ئابباس بۇرھان ئەپەندىنى ئەسلەپ)

قەيسەر مىجىت

تارىخىي ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، كىشىلەر پەن-تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنىڭ مېۋىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ياخشىلاشقا تەتبىقلىغاندىن كېيىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېزلىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا زور سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بەردى. يەنى كىشىلەر پەن- تېخنىكىنىڭ مېغىزىنى چاققاندىن كېيىن بىلىمنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ مۇپەسسەل يوسۇندا تونۇپ يەتتى. ئەمما بۇ خىل تونۇشنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە خەلقلەردە ئومۇملىشىشى ۋاقىت، سۈرئەت ھەم كۆلەم جەھەتتىن كۆپ پەرقلەرنى ياراتتى. دۇنيادا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا كەلگەن بۆشۈكى- ئەنگلىيەنىڭ ئۆز زامانىسىدا پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ «كۈن پاتماس ئىمپېرىيە» دەپ ئاتالغانلىقىنى ھەم دۇنياغا ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق غوجىدارلىق قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ئۈستۈنلۈكنىڭ ئامېرىكا تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدا يېتەكچىلىك رول ئوينىۋاتقانلىقىغا ھازىر بىز ئۆزىمىز شاھىد بولۇۋاتىمىز. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئومۇرتقىسى بولغان سانائەتنىڭ تايىنىدىغىنى پەن-تېخنىكىدىن ئىبارەت. گەرچە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇنى ياۋروپا خەلقلىرىگە نىسبەتەن كېچىكىپرەك تونۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئاسىيا قىتئەسىدىكى باشقا نۇرغۇن خەلقلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ نۇقتىنى خېلىلا بالدۇر تونۇپ يەتكەنلەردىندۇر. ئاتۇش ئېكساقتا تۇغۇلغان ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيەدىن كۆنچىلىك فابرىكىسىنى ۋە پەن-تېخنىكىنى ئىگىلەشنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى زامانىۋىي مائارىپنى ۋەتىنىمىزگە ئېلىپ كېلىشى ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ھەم ماددىي شارائىت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بىر مۆجىزىلىك ئىش ئىدى. خەلقىمىزنىڭ ۋىجدانلىق ئوغلى، مەشھۇر ئوبزورچىمىز يالقۇن روزى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان. جاھالەت پەرلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ھاكىم بولغان، تەركىدۇنياچىلىق ئىدىيەسى مىللەتنى زاۋاللىققا باشلاۋاتقان شۇنداق بىر دەۋردە، يېڭىچە مائارىپ تۈزۈمىنى

ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كىرىپ، كىشىلىرىمىزنى بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقتىن قۇتقۇزۇشتا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان بۇ بۈيۈكلىرىمىزنى خەلقىمىز «مەشئەل ياققان كىشىلەر» دەپ تەرىپلەشكەن. دەل مانا مۇشۇ يۇرتتا، يەنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەشئەلى يېقىلغان ئاتۇش ئىكساقتا 1932-يىلى ئۆكتەبىردە، 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پەن -تېخنىكا جەھەتتە يۈكسىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، زامانىۋىي پەن-تېخنىكا جەھەتتە قاراڭغۇلۇقتا قالغان خەلقىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ قەدەم ئېلىشى ئۈچۈن مەشئەل ياققان يەنە بىر زات تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر تەبىئىي پەن ئالىمى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى، قابىل يېتەكچى ۋە جامائەت ئەربابى ئابباس بۇرھان ئەپەندى دۇنياغا كەلگەن.

تۈركىيەدىكى «سۇتۇق بۇغراخان» نەشرىياتى نەشر قىلغان، مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر ئەپەندىنىڭ «100 مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق كىتابىدا بۇ زاتنىڭ كېلىپ چىقىشى، جەمئىيىتىمىزنىڭ پەن -تېخنىكا جەھەتتە يۈكسىلىشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگىنى ئۈچۈن مەن بۇ يەردە قايتا توختالمايمەن. مەرھۇمغا قارىتا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سۆيگۈگە تولغان بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ قىممەتلىك زاتنىڭ، ئالىملىق بىلەن ئادىمىيلىك مۇجەسسەملەشكەن بىر بۈيۈك ئىنسان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمەن. مەن مەرھۇم ئالىمىمىز بىلەن ھايات ۋاقتىدا نەچچە قېتىم يۈز كۆرۈشكەن ھەم سۆھبەتتە بولغان ئىدىم. ئالىمدىكى كەسىپ ئەھلىگە خاس چوڭقۇر تەپەككۇر ۋە مول بىلىمگە قانچىلىك قايىل بولغان بولسام، ئۇنىڭدىكى كىچىك پېئىللىق، مېھرىبانلىق، ئادەمگەرچىلىك ، سالاپەت ۋە ئۆز خەلقىگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ-مۇھەببەتكىمۇ شۇنداق قايىل بولغان ھەم ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ئىدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئۇنىڭ «ھاياتلىقنىڭ سىرى» ، «قۇشلار، ئىنسانلارنىڭ دوستى» دېگەن كىتابلىرىنى ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپتىكى چېغىمدا، ئۇنىڭ نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دوكتور ئابدۇسالام ئەپەندىنى ۋەتىنىمىزگە تەكلىپ قىلىشتەك ۋەقەلىك ئاساس قىلىنىپ يېزىلغان «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ چوڭقۇر ئىلھام ئالغان ئىدىم. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە يېتەكچىلىكىدە نەشر قىلىنغان «بىلىم -كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى ياشلارنىڭ، جۈملىدىن مېنىڭمۇ ئىنتايىن قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ژۇرناللارنىڭ بىرى ئىدى، شۇڭا «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى دېسە ئابباس بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئالىملارغا خاس سالاپىتى ھەم پەزىلىتى ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. شۇنداقلا، شۇ يىللاردا ئاتۇشتىن ئۈرۈمچىگە چىققان، پەن-تېخنىكىغا قىزىقىدىغان دادا تەرەپ بىر تۇغقىنىمىز بىلەن ئابباس بۇرھان ئەپەندىم ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كېلىدۇ:

بۇ كىشى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا پىششىق، زېرەك كىشى بولۇپ «بىلىم-كۈچ» ، «پەن ۋە تۇرمۇش» دېگەن ژۇرناللارنىڭ ھەممە سانىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ھەم ئويلىنىدىغان ئادەم ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بېغىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىر نەچچىسىنىڭ سېسىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ دەرەخلەردىن بىر نەچچىسىگە چوڭ مىختىن بىر نەچچىنى قېقىپتۇ، بىر نەچچە دەرەخنى شۇ پېتى قويۇپتۇ. كېلەر يىلى قارىسا، مىخ قاققان دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ، مىخ قاقمىغان دەرەخلەر قۇرۇپ كېتىپتۇ . بۇ تاسادىپىي تەجرىبىسىدىن ئىلھاملانغان بۇ تۇغقىنىمىز ئۇنى ئۆزىنىڭ تىلىدا يېزىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئابباس بۇرھان ئەپەندىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپ ئابباس بۇرھان ئەپەندى تۇغقىنىمىزنى ماختاپتۇ ۋە ئۇ قىلغان تەجرىبىنى ئىلمىي نۇقتىدىن قەغەزلەرنىڭ ئۈستىگە خىمىيەلىك فورمۇلالار بىلەن يېزىپ چۈشەندۈرۈپتۇ. تۇغقىنىم كېيىن ماڭا بۇ زاتنىڭ ئىلىم سۆيەرلىكى، كىچىك پېئىللىقى ھەم ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتىدىن بەكلا سۆيۈنگەنلىكىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەرگەن ۋە ئۇنى ئاڭلاپ

مېنىڭ بۇ ئالىمغا بولغان ھۆرمىتىم  تېخىمۇ ئاشقان ئىدى.

شۇڭا مەن قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدا «بىلىم-كۆۋرۈك» ژۇرنىلىنىڭ تەكرار دۇنياغا كېلىشىنى، ئاتباس بۇرھان ئەپەندىگە ئوخشاش ئۆز خەلقىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن مەشئەل بولۇپ كۆيگەن كىشىلەرنىڭ روھىنى خۇش قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ مەشئەللىك روھىنى يالقۇنجىتىدىغان خاسىيەتلىك گۈزەل بىر ئىش دەپ قارايمەن. بولۇپمۇ ئىلىم -پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنى ئېلىپ، يېتىشىپ چىقىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۈگۈن چىققان پەللىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئاتباس بۇرھان ئەپەندىگە ئوخشاش ئۆز خەلقىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن مەشئەل بولۇپ كۆيگەن، شوتا بولغان بۈيۈكلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزگە قوشقان تۆھپىسىنى ئۇلۇغلىشىمىز، ئۇلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت ئىچىدە ئەسلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىلىمگە ۋە ئۆز خەلقىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك روھىدىن ئۆگىنىشىمىز، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئىلىم سۆيەر ھەم خەلقپەرۋەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئىزباسارلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىمىز كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

ئاخىرىدا مەن سۆزۈمنى بۈنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم ئىلگىرى، بۈيۈك ئالىمىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىمدا يازغان بىر مەرسىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

### مەرھۇم ئاتباس بۇرھان ئەپەندىگە مەرسىيە

ئاڭلايتتۇق ھەققىڭىزدە نۇرغۇن ھېكايە ،
تىلەيتتۇق قۇت-قۇۋۋەت شۇ مۇئەللىمگە.
سىز بىلەن تونۇشماي بولدۇق بىز تونۇش،
ھەمىشە بىز ئۈچۈن بولدىڭىز ئۈلگە.

يول ئالدۇق سىز باسقان ئىزلارنى بويلاپ،
ئۆزىمىز تەلپۈنگەن ئالىي مەكتەپكە.
چۈش بىلەن رېئاللىق تۇتىشىدىكەن،
مەرىپەت بېغىغا كىرگەن ئادەمگە.

باللىلىق چاغلاردا تىكلەنگەن شۇ روھ،
ياش بىلەن بەسلىشىپ باردى چوڭىيىپ.
ئىزدەندىم تىنىمسىز ئىلىم يولىدا،
سۆيۈندۈم شۇ ئەجرىم مېۋىلەر بېرىپ.

سىز بىلەن يۈزمۇ-يۈز كۆرۈشتۈم ئۇستاز،
سۆزىڭىز قەلبىمدىن چىڭ ئورۇن ئالدى.
ھەم ئالىم ئىكەنسىز ھەم ياخشى ئادەم،
ھۆرمىتىم، ئىخلاسىم چوڭقۇر كۆك سالدى.

شۇم خەۋەر كەلگەندە قەدىردان ئۇستاز،
كۆزۈمگە ياش كەلدى، قەلبىمگە كەلكۈن.
مەن ئەمەس بىر مىللەت ياش تۆكتى شۇ كۈن،
چۈنكى سىز مەشئەل بولۇپ كۆيگەن ئەل ئۈچۈن.

ئەلۋىدا، يۇرتۇمنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى!
ئەلۋىدا، دېمەكتە چاقماق دەرياسى!
ئەلۋىدا پەزىلەت ۋاپا نىداسى،
ئەلۋىدا ئىلىم-پەن ئاشىق شەيداسى!

ئەر ئۈچۈن ئەل ئىشقى هايات قىممىتى،
سىزدەك ئەر ۋەتەنگە ئاللاھ هىممىتى.
ئىلىم هەم هېكمەتلەر سىزدە مۇجەسسەم،
سىز بىلەن نامايەن مىللەت ئىززىتى.

2020-يىلى نويابىر، بوستون۞

### پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. سانائەت ئىنقىلابى، ۋىكىپېدىيە تور قاموسى (2020).

2. يالقۇن روزى، لاي قەلئەنىڭ سىرى، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلى 4-ئاي، بىرىنچى نەشرى.


### ئاپتور:


ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورى، ئامرىكا خارۋارد ئۇنۋىرسىتتى قارمىغىدىكى باللار دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ.
(kmejit@suffolk.edu)

# ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى پەن - تېخنىكا مېدالى ساھىبلىرى

ئارمىزدىن چىققان ياش ئىلىم - پەن خادىملىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تەقدىرلەش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن «پەن - تېخنىكا مېدالى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، **2020** - يىلىغىچە پەن - تېخنىكا ساھەسىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ياشلار نىشان قىلىنغان. ياۋروپا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈشى ۋە باھالىشى ئارقىلىق، پەن - تەتقىقات ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ماقالىسى ئېلان قىلىنغان ۋە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئىككى ئۇيغۇر ياش تەتقىقاتچىمىز، دوكتور ئەيساجان ئابدىن ۋە دوكتور رۇقىيە مەتسىدىق بۇ قېتىملىق «ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى پەن - تېخنىكا مېدالى» غا ئېرىشتى. تۆۋەندە بۇ ئىككى ياش ئالىمىمىز بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭ.

ئەيساجان ئابدىن، 37 ياش، مۇتەخەسسىس تەتقىقاتچى. 2015-يىلىدىن بۇيان، بېلگىيە لۇۋېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (KU Leuven) كومپيۇتېر بىخەتەرلىكى ۋە سانائەت مەخپىي شىفىر ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. دوكتور ئەيساجان ئابدىنىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى قوللىنىشچان مەخپىي سىپىرغا ئائىت بولۇپ، تورلاشقان ساھەلەر بىخەتەرلىكى، كىملىكنى ئىسپاتلاش، كۆپ تەرەپلىك ھېسابلاش دېگەندەك تېمىلارغا چېتىلىدۇ.



دوكتور ئەيساجان ئابدىن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتى كورلىدا ئوقۇغان. 2006-يىلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھېسابلاش ماتېماتىكا كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2007-يىلى، شۋېتسىيە چالمىرس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنژېنېرلىق ماتېماتىكا كەسپىنىڭ ماگىستىرلىقىنى تاماملىغان. ئۇ يەنە ئۆز كەسپىدە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئوقۇپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قەدەم قويغان. ئەيساجان ئابدىن دوكتورلۇق ئوقۇشىدا شۋېتسىيەدىكى لىنشۆپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۈچۈر كودلاشتۇرۇش كەسپىنىڭ ئۈچۈر بىخەتەرلىكى يۆنىلىشىنى تاللىغان بولۇپ، بىرقانچە يىل جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، 2013-يىلى ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان دوكتورلاردىن بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ئەيساجان ئابدىنىنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان يۈكسەك ئىشتىياقى، ئۇنى بۇ نەتىجىلەردىن قانائەت ھېس قىلدۇرمىغان ۋە بۇ يۈكسەك ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە، كەسپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغىچە ئىلىم تەھسىل قىلىشنى تاللىغان. شۇنداق قىلىپ ئەيساجان كېيىندىنلا چالمىرس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆز كەسپى بويىچە بىر يىل دوكتور ئاشتىلىقتا بىلىم ئاشۇرغان ۋە خىزمەت قىلغان. 2015-يىلى، دوكتور ئەيساجان ئابدىن بېلگىيە لۇۋېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (KU Leuven) كومپيۇتېر بىخەتەرلىكى ۋە سانائەت مەخپىي سىپىر ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا ئالدى بىلەن دوكتور ئاشتىلىققا قوبۇل قىلىنىپ، كېيىن تەتقىقات مۇتەخەسسىسلىككە تەكلىپ قىلىنغان.

دوكتور ئەيساجان ئابدىن خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا، ئۆز خىزمىتىگە ئائىت 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۈچ تەستىقلانغان پاتېنت ۋە بىر قانچە باھالىنىۋاتقان پاتېنتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆز تەتقىقاتىدىن باشقا يەنە ماگىستىر ئاسپىرانتلارنىڭ تۆت پارچە ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە بىر دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىگە باھالىغۇچى بولغان. ئۇ ماگىستىر ئاسپىرانتلارنىڭ ئىلمىي ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، دوكتورانتلارنى

باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ كەلمەكتە. ئەيساجان ئابدىن ھازىر خىزمەت قىلىۋاتقان تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن، شىۋېتسىيە، بېلگىيە ۋە ئېرلاندىيەدىكى بىر قانچە شىركەتلەرنىڭ يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتلىرىغا ۋاقىتلىق مەسلىھەتچىلىك ۋە شىۋېتسىيەدىكى بىر شىركەتنىڭ تېخنىكىلىق مەسئۇلى (CTO) قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنىمۇ ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە. ئەيساجان ئابدىن يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان IMEC شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتلاردىن بىرى بولغان ئاچقۇچسىز كىرىش سىستېمىلىرىنىڭ (ماشىنىلارغا ئاچقۇچسىز كىرىش ۋە قوزغىتىش دېگەندەك) بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى ئىجاد قىلغان. ئۇ ئىجاد قىلغان سىستېما تۆۋەن ئېنېرگىيەلىك كۆك چىشقا (BLE) سەپلىنىدىغان بولۇپ، ھازىر بۇ تېخنىكا باشقا شىركەتلەرگىمۇ سېتىلىپ ئۈنۈم ياراتماقتا.



رۇقىيە مەتسىدىق، 37 ياش، خىمىيە كەسپى تەتقىقاتچىسى. دوكتور رۇقىيە مەتسىدىق، خوتەن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شەنبەبازار كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتى كېرىيەدە پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 2002-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتىنىڭ قوللىنىشچان خىمىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، 2007-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى ئۆز ئىنستىتۇتىدا ئىمتىھانسىز ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، 2010-يىلى خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. رۇقىيە مەتسىدىق 2012-يىلغىچە، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى مولېكۇلا بىئولوگىيەسى ۋە يەرلىك كېسەللىكلەر تەجرىبىخانىسىدا ياردەمچى تەتقىقاتچى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

رۇقىيە ئۆز كەسپىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، دوكتورلۇقتا يۇقىرىلاپ ئوقۇشنى قارار قىلىدۇ ۋە 2012-يىلى 9-ئايدا، جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيەلىك ۋە بىئولوگىيەلىك قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇيدۇ. بىراق، ئۆزىنىڭ چەتئەلدە ئوقۇشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇسى بويىچە جېجياڭدىكى ئوقۇشىنى توختىتىپ، 2013-يىل 10-ئايدا گېرمانىيە Soft Matter مولېكۇلا خىمىيە ئىنستىتۇتىدا دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. رۇقىيە مەتسىدىقنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدىكى ئىجتىھاتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي نەتىجىلىرى كەسپداشلىرى ۋە دوكتور يېتەكچىسىنىڭ كۈچلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ جەرياندا، رۇقىيە مەتسىدىقنىڭ «ئامېرىكا خىمىيە جەمئىيىتى ژۇرنىلى»، «ئورگانىك خىمىيە ژۇرنىلى»، «ماتېرىيال خىمىيەسى» قاتارلىق خەلقئارادا يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە ئىلمىي ژۇرناللاردا شەخسەن ئالتە پارچە ۋە ھەمكارلىشىپ يازغان بەش پارچە تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ. رۇقىيە مەتسىدىق دوكتورلۇق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، 2019-يىلغىچە ياپونىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات ئىنستىتۇتى (RIKEN Emergent Matter) پەن تەتقىقات مەركىزىدە دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ تەتقىقات ئورنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالاھىدە دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان تەتقىقات فوندىغا ئېرىشىدۇ. 2019-يىلى 11-ئايدا، ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، پروفېسسور Christine Luscombe نىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. دوكتور رۇقىيە مەتسىدىق 2020-يىل 8-ئايدا گېرمانىيەگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، كەمنىست تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پولىمېر خىمىيەسى ئىنستىتۇتىدا داۋاملىق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا۞

(تەھرىر ھەيئىتى تەييارلىغان).

# ئەل بىرۇنى

ئەركىن سىدىق

*«كىشىلەرنىڭ ئوي-پىكىرلىرى ھەر خىل بولۇپ، دۇنيا تەرەققىياتى ۋە تىنچلىقى مۇشۇ پەرقنى ئاساس قىلىدۇ.» ـــ ئەل بىرۇنى*




ئەل بىرۇنى، ئالەمشۇمۇل تەتقىقاتلىرى بىلەن تونۇلغان ئۇلۇغ ئالىم. مىلادى 973-يىلى خارەزىم پايتەختى بىرۇنى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاندا ) دا تۇغۇلۇپ، 1050-يىلى غازنە (بۈگۈنكى ئافغانىستاندا) دە 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئالىم ئەل بىرۇنى، فىزىكا، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىرىگونومېترىيە ، جۇغراپىيە، گېئودېزىيە، دورىگەرلىك، گېئولوگىيە، فىلولوگىيە ۋە دىن قاتارلىق پەنلەر بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ ساھەلەردە تۈنجى بايقاشلىرى بىلەن ئىلىم-پەن دۇنياسىنى يورۇتۇپ بەرگەن. سان نەزەرىيەسى، ھىندىچە ھېسابلاش، ئاي ۋە قۇياشنىڭ تۇتۇلۇشى، تەبىئىي جۇغراپىيە، كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقنى بەلگىلەش، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار ۋە شار گېئومېترىيەسى قاتارلىق تېمىلاردا تەخمىنەن 113 ئەسەر (جەمئىي 13000 بەتتىن ئارتۇق) يازغانلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەل بىرۇنى، ئاسترونومىيەلىك ۋە جۇغراپىيەلىك كۆپلىگەن ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئىجاد قىلغان. ئەمما، ئۇ ئىجاد قىلغان كۆپلىگەن ئۆلچەش ئەسۋابلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن پەقەت پىكنومېتىر (Pycnometer)[I]، مېخانىك ئاسترولىيابىيە (Astrolabe)[II] ۋە بىر قىسىم خەرىتە مۆلچەرلىگۈچلەر بار.

«ئىلىم-پەن تارىخى» دېگەن ئىلمىي ساھەنى بارلىققا كەلتۈرگەن جورج سارتون (George Sarton) بىرۇنىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىسلامنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن بىرى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بارلىق دەۋرلەردە ياشىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ تۇنجى بولۇپ يەر شارى رادىيوسىنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان، ھەمدە يەر-شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ئىلىم-پەننىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىرۇنى،

I جىسىمنىڭ زىچلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

II يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى ھەم شۇ ئارقىلىق مەلۇم جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلگەن ئەسۋاب.

ماددىلارنىڭ زىچلىقىنى ئۆلچەيدىغان تەجرىبە ئۇسۇلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن . ئۇ يەنە ئۆزگە تارتىش كۈچى مەركىزىنى بىر ئومۇمىي نەزەرىيە سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ھەر قانداق شەكىلدىكى جىسىملارغا ئىشلەيدىغان قىلغان. ئۇ بىر سائەتنى مىنۇت ۋە سېكۇنتقا بۆلۈش ئىدىيەسىنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئارىستوتېلنىڭ «كائىناتنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق» دېگەن نەزەرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپىغا ماس كېلىدىغان «كائىنات ۋاقتىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا پەيدا بولغان» دېگەن ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىدىيە ھازىرقى «چوڭ پارتلاش نەزەرىيەسى» گە ماس كېلىدۇ۞

(ئارقا مۇقاۋا) ئەل بىرۇنىنىڭ ئاينىڭ ئوخشىمىغان ھالەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن سىزمىسى بولۇپ، ئەل بىرۇنىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى Kitâbü’t-Tefhîm fî Evâili Sıbaâti’t-Tencîm ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان.

پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. https://arxiv.org/ftp/arxiv/papers/1312/1312.7288.pdf
2. https://en.wikipedia.org/wiki/Al-Biruni





بىرۇنىنىڭ يەر-شارىنىڭ رادىيوسىنى ھېسابلاشتا قوللانغان ئۇسۇلى، يەنى تاغ، ئېھرام دېگەندەك ئېگىزلىكى ئېنىق جىسىمدىن پايدىلانغان.


ئاپتور:

ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى دوكتورى، ئامېرىكا دۆلەتلىك ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى قارمىقىدىكى JPL تەتقىقات مەركىزىدە ئالىي ئىنژېنېر.

(Erkinsidiq@gmail.com)





# كوۋىد 19 كېسىلىگە قارشى ۋاكسىنا

مەمەت ئىمىن

قىسقىچە مەزمۇنى: يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ۋابا ھېساپلانغان كوۋىد 19 كېسىلى پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى بۇ ۋاباغا قارشى ۋاكسىنا بولۇۋاتىدۇ. ۋاباغا قارشى ئۈنۈملۈك ۋاكسىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن، ئىنسانلار ئارىسىدا بۇ ۋاكسىنىغا نىسبەتەن ھەم ياخشى بولدى دەپ خۇشال بولغانلار، ھەم قانداق بولاركىن دەپ گۇمان قىلىدىغانلار پەيدا بولماقتا. بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ماقالىدا، بۇ ۋىرۇسقا قارشى ۋاكسىنا توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈلىدۇ.

ۋاكسىنا دېگەن نىمە؟

ۋاكسىنا دېگىنىمىز، كېسەل پەيدا قىلغۇچ ۋىرۇس، باكتېرىيە ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق كېسەل پەيدا قىلغۇچى ئامىللارنىڭ ھەل قىلغۇچ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياساپ چىقىلغان ۋە بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن بەدەندە كېسەل پەيدا قىلمايدىغان، بىراق بەدەننىڭ ئىممۇنىت سېستىمىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، بەدەندە ماسلىشىشچان ئىممۇنىت كۈچى يەنى ئانتىبودى پەيدا قىلىش ئارقىلىق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ماددا.

ۋىرۇسقا قارشى ۋاكسىنا، ئۇنىڭ خاراكتېرى، ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت مېخانىزىمىغا ئاساسەن

تۈۋەندىكىدەك سەككىز خىل تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ھەرىكەتسىز ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ۋىرۇستىن ياسالغان ۋاكسىنا؛ بۇ خىلدىكى ۋاكسىنا، ۋىرۇسنىڭ كېسەل پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ۋىرۇسنى ھەرىكەتسىز ھالەتكە ئۆزگەرتىپ، پەقەت ۋىرۇسنىڭ *ئانتىگېنلىق رولىنى ساقلاپ قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.

2. جانلىق، بىراق ئاجىزلاشتۇرۇلغان ۋىرۇستىن ياسالغان ۋاكسىنا؛ بۇ خىلدىكى ۋاكسىنا، ھەرىكەتچان ۋىرۇسنىڭ كېسەل پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ۋىرۇسنى كېسەل پەيدا قىلمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان.




كوۋىد 19 كېسەللىنى پەيدا قىلغان يېڭى كورونا ۋىرۇسنىڭ تەقلىد قىلىنغان شەكلى (تەبىئەت ژۇرنىلىدىن ئېلىندى).

3. ۋىرۇس گېنىنى توشۇغۇچى ۋاكسىنا؛ بۇ خىلدىكى ۋاكسىنانىڭ ۋىرۇس بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ۋىرۇسنىڭ مەلۇم گېنىنى ياكى گېن ئالاھىدىلىكىنى توشۇغۇچى ۋە ياكى يەتكۈزگۈچى ماددىدىن ياسالغان.

4. ۋىرۇسقا ئوخشاش زەررىچىدىن ياسالغان ۋاكسىنا؛ بۇ خىلدىكى ۋاكسىنانىڭ ۋىرۇس بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ۋىرۇسقا ئوخشاش زەررىچىدىن ياسالغان. بۇ خىل ۋاكسىنا ئەملەنگەندىن كېيىن، بەدەندە *ئانتىگېنلىق رولىنى ئويناپ، **ئانتىبودى پەيدا قىلىدۇ.

5. د ن ئا ۋاكسىناسى؛ بۇ خىلدىكى ۋاكسىنانىڭ ۋىرۇس بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ئاقسىل بىرىكتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان د ن ئا دىن ياسالغان. بۇ خىل ۋاكسىنا ئەملەنگەندىن كېيىن بەدەندە *ئانتىگېن رولىنى ئوينايدىغان ئاقسىل بىرىكتۈرۈپ چىقىدۇ، ئاندىن ئۇ ئاقسىل بەدەندە *ئانتىگېنلىك رولىنى ئويناپ، **ئانتىبودى پەيدا قىلىدۇ.

6. ر ن ئا ۋاكسىناسى؛ بۇ خىلدىكى ۋاكسىنانىڭ ۋىرۇس بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ئاقسىل بىرىكتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان ر ن ئا دىن ياسالغان. بۇ خىل ۋاكسىنا ئەملەنگەندىن كېيىن بەدەندە *ئانتىگېن رولىنى ئوينايدىغان ئاقسىل بىرىكتۈرۈپ چىقىدۇ، ئاندىن ئۇ ئاقسىل بەدەندە **ئانتىگېنلىك رولىنى ئويناپ، ئانتىبودى پەيدا قىلىدۇ.

7. ئاقسىل ۋاكسىناسى؛ بۇ خىلدىكى ۋاكسىنانىڭ ۋىرۇس بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ۋىرۇسنىڭ ھۆجەيرە ئىچىگە كىرىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان ئاقسىلدىن ياسالغان. بۇ خىل ۋاكسىنا ئەملەنگەندىن كېيىن بەدەندە *ئانتىگېنلىك رولىنى ئويناپ، **ئانتىبودى پەيدا قىلىدۇ.

8. ئانتىگېن يۈكلەنگەن ھۆجەيرىدىن ياسالغان ۋاكسىنا؛ بۇ خىلدىكى ۋاكسىنانىڭ ۋىرۇس بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەتلا *ئانتىگېن يۈكلەنگەن ھۆجەيرىدىن ياسالغان. بۇ خىل ۋاكسىنا ئەملەنگەندىن كېيىن بەدەندە *ئانتىگېنلىك رولىنى ئويناپ، **ئانتىبودى پەيدا قىلىدۇ.




بۇلار ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋاكسىنا تۈرلىرى بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يېڭى تۈردىكى ۋاكسىنىلارمۇ ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىلماقتا.

نورمال ئەھۋالدا ئادەم بەدىنى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ۋىرۇس بەدەندە نىشان قىلغان ھۈجەيرە ئىچىگە كىرىپ، ھۈجەيرىنىڭ گېن ماددىسىنى ئارىيەتكە ئېلىپ كۆپىيىدۇ، كۆپىيىپ مەلۇم چەككە يەتكەندىن كېيىن ھۈجەيرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ تېخىمۇ كۆپ ھۈجەيرىگە كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ھۈجەيرىلەرنى زەخىملەندۈرىدۇ، زەخىملەنگەن ھۈجەيرىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئادەم بەدىنىدە كېسەل ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەدەننىڭ ئىممۇنىت سىستېمىسى ھەرىكەتكە كېلىپ، بەدەندە ۋىرۇسقا (يەنى *ئانتىگېنغا) غا قارشى **ئانتىبودى ئىشلەپ چىقىرىشقا باشلايدۇ.

ۋاكسىنا بولسا، بەدەندە *ئانتىگېن رولىنى ئويناپ، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ۋىرۇسقا قارشى **ئانتىبودى پەيدا قىلىدۇ؛ ئانتىبودى، ۋىرۇسنىڭ ھۈجەيرە ئىچىگە كىرىشىنى توسۇپ قالىدۇ؛ ۋىرۇس، ھۈجەيرە ئىچىگە كىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋىرۇس كۆپىيەلمەيدۇ ۋە ھۈجەيرىنى زەخىملەندۈرەلمەيدۇ؛ نەتىجىدە، ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان كىشىدە كېسەل ئالامەتلىرى پەيدا بولمايدۇ ياكى پەيدا بولغان كېسەل ئالامەتلىرى ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ.

ۋاكسىنا ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئادەتتە ۋاكسىنا كاندىداتى تاللاش جەريانى، كىلىنىكىلىق سىناقتىن بۇرۇنقى تەتقىقات جەريانى، كىلىنىكىلىق 1-باسقۇچلۇق سىناق، كىلىنىكىلىق 2-باسقۇچلۇق سىناق ۋە كىلىنىكىلىق 3-باسقۇچلۇق سىناق جەريانى بولۇپ، بىر نەچچە باسقۇچنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. كىلىنىكىلىق سىناقتىن بۇرۇنقى تەتقىقات جەريانى ئاساسەن چاشقان ۋە مايمۇن قاتارلىق ھايۋانلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ . 1-باسقۇچلۇق سىناق 10 نەچچىدىن 100 نەچچىگىچە ساغلام ئادەمدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سىناق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ۋاكسىنانىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مىقدارى سىنىلىدۇ. كىلىنىكىلىق 2-باسقۇچلۇق سىناق 100

*ئانتىگېن دېگىنىمىز، بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن بەدەننىڭ ئىممۇنىت سىستېمىسى «سىرتتىن كىرگەن تاجاۋۇزچى» دەپ ئاتىلىدىغان بەدەننىڭ ئىممۇنىت ئىنكاسىنى قوزغاپ، ماسلىششچانلىق ئىممۇنىت كۈچى، يەنى ئانتىبودى پەيدا قىلدىدىغان ھەرقانداق جانلىق مىكرو ئورگانىزىم ۋە قانسىز زەررىچە ماددىلاردۇر.

**ئانتىبودى دېگىنىمىز، بەدەننىڭ ماسلىششچانلىق ئىممۇنىت كۈچىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، بەدەنگە تۇنجى قېتىم كىرگەن ئانتىگېن تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغان ۋە ئوخشاش بەدەنگە ئىككىنچى قېتىم كىرگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ ياكى ئۇنى نېيتراللاشتۇرۇپ، بەدەندە كېسەللىك ياكى زەخىمە پەيدا قىلىشىنى توسۇپ قالىدىغان ئاقسىلدۇر.




ئانتىبودىنىڭ كورونا ۋىرۇسىغا چاپلىشىپ، ۋىرۇسنىڭ ھۈجەيرە ئىچىگە كىرىشىنى توسۇپ قىلىشى (ئىلىم پەن ژۇرنىلىدىن ئېلىندى).

نەچچىدىن 1000 نەچچىگىچە ئادەمدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كېلىنىكىلىق 3-باسقۇچلۇق سىناق 1000 نەچچىدىن 10000 غىچە ئوخشىمىغان ياشتىكى ھەر خىل ئادەمدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىلىنىكىلىق 3-باسقۇچلۇق سىناق جەريانىدا ۋاكسىنانىڭ بىخەتەرلىكى سىنالغاندىن باشقا ئەڭ مۇھىمى ۋاكسىنانىڭ ئۈنۈمى سىنىلىدۇ.

ۋاكسىنا يۇقارقى باسقۇچلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى دورا تەستىقلاش ئىدارىسىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى ۋە تەستىقلىنىشىغا سۇنۇلىدۇ. ئۈنۈملۈك بىر ۋاكسىنانى تەتقىق قىلىپ چىقىش ئۈچۈن نورمالدا 8 يىلدىن 17 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ؛ يەنى دەسلەپكى تەتقىقات باسقۇچى ئۈچۈن تەخمىنەن 2 يىلدىن 5 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. ھايۋانلاردا ۋە بىرىنچى باسقۇچلۇق كىلىنىكىلىق سىناق ئۈچۈن 2 يىلدىن 3 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ؛ ئىككىنچى ۋە ئۈچۈنچى باسقۇچلۇق كىلىنىكىلىق سىناق ئۈچۈن 3 يىلدىن 7 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ؛ ئاخىرىدا رەسمىي تەستىقلىنىپ بازارغا سېلىنىشى ئۈچۈن 1-2 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇندىن بۇرۇن ئەڭ تېز تەتقىق قىلىنىپ چىققان ۋاكسىنا 4 يىلدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقى ۋاكسىنا بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تەتقىق قىلىنىپ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. ئامېرىكادا ئىشلەپچىقىرىلغان ئىككى ۋاكسىنانىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۈچ ئاي، كېيىنكى سىناق ئۈچۈن ئالتە ئاي، تەستىقلىتىش ئۈچۈن يېرىم ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىندى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ۋاكسىنانىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

شۇنداق قىلىپ، ھازىر ئۈنۈملۈك ۋاكسىنا دۇنياغا كەلدى دەيلى، ئۇنداقتا بۇ ۋابانى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كونترول قىلغىلى بولامدۇ؟

ئۈنۈملۈك ۋاكسىنانىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ۋابانىڭ كونترول قىلىنىشقا باشلىنىشى، بولۇپمۇ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ سانى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس؛ ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ۋابانىڭ تولۇق كونترول قىلىنىشى ئۈچۈن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 70% دە بۇ ۋاباغا قارشى ئىممۇنىت كۈچى شەكىللىنىشى زۆرۈر بولغىنى

ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل كېتىشى مۇمكىن.

كوۋىد 19 ۋىرۇسىغا قارشى ۋاكسىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپ سورالغان سوئاللار ۋە بېرىلگەن جاۋاپلار:

- ۋاكسىنا بۇرۇن يۇقۇملانغانلارغا پايدا قىلامدۇ؟

ۋاكسىنا بۇرۇن يۇقۇملانغانلارغا پايدا قىلمايدۇ. ۋاكسىنا يۇقۇملانغانلارغا ئەمەس بەلكى ساق ئادەمگە ئەملىنىدۇ؛ ۋاكسىنا كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

- ۋاكسىنا ئەملەنگەن كىشىلەر يەنە يۇقۇملىنامدۇ؟

ۋاكسىنا ئەملەنگەن كىشىلەر قايتا يۇقۇملىنىشى مۇمكىن، لېكىن كۆپىنچە كىشىلەردە ئالاھىدە كېسەل ئالامىتى پەيدا بولمايدۇ، يەنى ۋاكسىنا ئەملەنگەن كىشىلەرنىڭ بەدىنىدە كوۋىد 19 ۋىرۇسى تەرەققىي قىلالمايدۇ.

- كېسەل بولۇپ ساقايغانلارنىڭ بەدىنىدە شەكىللەنگەن ئىممۇنت كۈچى قانچە ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ؟ ئۇلار يەنە قايتا يۇقۇملىنامدۇ؟

ھازىرقى ئېنىق بولغان ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، كېسەل بولۇپ ساقايغانلارنىڭ بەدىنىدە شەكىللەنگەن ئىممۇنت كۈچىنىڭ 3 ئايدىن كېيىن بىر قىسىم ئادەملەردە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى، ۋە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇ ۋابا بىلەن قايتا يۇقۇملانغانلىقى ۋە كۆپ ساندا ئادەملەرنىڭ بەدىنىدە شەكىللەنگەن ئىممۇنت كۈچىنىڭ مەلۇم سەۋىيەسىدە 8 ئاي ئەتىراپىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

- بىر قېتىم ۋاكسىنا ئەملەنگەن كىشىلەر، قانچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن يەنە ۋاكسىنا ئەملىشى كېرەك؟

ھازىرقى ئېنىق بولغان ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، ۋاكسىنا ئەملەنگەن كىشىلەرنىڭ بەدىنىدە شەكىللەنگەن ئىممۇنت كۈچىنىڭ 6 ئايدىن ئارتۇق مەلۇم سەۋىيەدە ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

- ۋاكسىنا ئەملەنگەن كىشىلەر ئەگەر يۇقۇملانسا باشقىلارغا ۋىرۇس يۇقتۇرامدۇ؟

ھازىرچە بۇنىڭغا تېخى ئېنىق بىر جاۋاب يوق۞

پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. van Riel, D., de Wit, E. Next-generation vaccine platforms for COVID-19. *Nat. Mater.* **19**, 810–812 (2020).

2. Krammer, F. SARS-CoV-2 vaccines in development. *Nature* **586**, 516–527 (2020).

3. New York Times: Coronavirus Vaccine Tracker.


ئاپتور:


تىببى پەنلەر دوكتورى، ئامېرىكا كولۇمبىيا ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى.

(mmt2005@gmail.com)

# كۋانت كومپيۇتېر تەتقىقاتىدا بۆسۈش

## —— گۇگىل كۋانت ئۈستۈنلۈكىگە ئېرىشكەنلىكىنى جاكارلىدى، IBM ئىشەنمىدى

بارات ئاچىنۇق

دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك كومپيۇتېر 10 مىڭ يىلدا ئاران يېشىدىغان مەسىلىنى، كۋانت كومپيۇتېرى بىر نەچچە مىنۇتتىلا ھەل قىلىۋېتەلەيدۇ. كۋانت كومپيۇتېرىنىڭ ھازىرقى كومپيۇتېرلاردىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى كۋانت فىزىكىسىدىكى بۇرۇن كونترول قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئۆزگىچە فىزىكىلىق ھادىسىلەر بەلگىلىگەن. يەنى، ھازىرقى كومپيۇتېرلاردا توك يولىدا توك ئېقىمىنىڭ بار-يوقلۇقى ياكى ئىنتايىن كىچىك ماگنىتلارنىڭ شىمال-جەنۇب قۇتۇپلىرىنى 0 ۋە 1 رەقەملىرىگە تەتبىقلاپ مۇشۇنداق ئىككىلىك ھالەتنى ئاساس قىلغان سىستېما قۇرۇپ مۇرەككەپ مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارالايمىز. بۇ تېخنىكىنىڭ چەكلىمىلىكى مۇرەككەپ ھېسابلاشلارغا كەلگەندە بەكلا گەۋدىلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم ماتېماتىكىلىق سوئالنىڭ جاۋابى مىڭ خىل ئېھتىماللىقنىڭ ئىچىدە بىرى دېسەك، جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن، ھازىرقى ئىككىلىك سىستېمىنى ئاساس قىلغان كومپيۇتېرلار پەقەت نۆۋەت بىلەن شۇ مىڭ خىل ئېھتىماللىقنى بىر بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كۋانت كومپيۇتېرى ئىككىلىكتىن ھالقىغان سىستېما بولۇپ، ئوخشاش سوئالنىڭ جاۋابىنى مىڭ خىل ئېھتىماللىق ئىچىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئىزدەيدىغان بولغاچقا ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتتا جاۋابىنى تېپىپ چىقالايدۇ. بۇ خىل بىردىن-بىردىن ھېسابلاشنىڭ ئورنىغا تەڭ ھېسابلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسى ھالقا ئېلېكترونغا ئوخشاش زەررىچىلەرنىڭ كۋانت دۇنياسىدىكى ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىش. بۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، خۇددى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك يەر-شارىنى مىسالغا ئالساق، ھازىرقى كومپيۇتېرلارنىڭ ھېسابلاش بىرلىكى بولغان ئىككىلىك بىت ئۇقۇمىنى پەقەت شىمالى ۋە جەنۇبى قۇتۇپى بار يەر-شارىغا ئوخشىتالايمىز. بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ يۆنىلىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىككى خىل ھالەتنى ئىپادىلىيەلەيمىز، يەنى شۇ ئىككى قۇتۇپتىن باشقا پايدىلىنىدىغان جاي يوق. كۋانت كومپيۇتېرىدا بولسا، خۇددى بىز يەر يۈزىدىكى جايلارنى ئوخشىمىغان كوردىناتلار بىلەن ئىپادىلىگەندەك، ئىككى قۇتۇپتىن باشقا يەنە نۇرغۇن جايلاردىن پايدىلىنالايمىز، ھەر جاي بىر ھالەت. ھالەت كۆپ بولدى دېگەنلىك بىز ھېسابلاشتا پايدىلىنالايدىغان «بەلگىلەر» كۆپ بولدى دېگەنلىك




كىلاسسىك بىت ئۇقۇمى　　　كيۇبىت ئۇقۇمى

ھازىرقى ئىككىلىك سىستېمىدىكى كومپيۇتېرلارنىڭ ئاساسى ھېسابلاش بىرلىكىنى پەقەت شىمالى ۋە جەنۇبى قۇتۇپى بار يەر-شارىغا ئوخشاتساق، بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىككىلا خىل ھالەتنى ئىپادە قىلالايمىز، يەنى بىر ھالەت بىر بىت ئۇچۇر. كۋانت كومپيۇتېرىدا بولسا خۇددى يەر يۈزىدىكى جايلارنى ئوخشىمىغان كوردىناتلار بىلەن ئىپادىلىگەندەك، ئىككى قۇتۇپتىن باشقا يەنە نۇرغۇن جايلاردىن پايدىلىنالايمىز، مانا بۇ بىتتىن ھالقىغان كيۇبىت ئۇقۇمى.



گۇگىل شىركىتى ئىشلىگەن كۋانت كومپيۇتېرىنىڭ مېڭىسى[4].

بولىدۇ. مانا بۇ ئوخشىمىغان جايلارنى كۆيۈپ ئۆۋقۇمى بىلەن ئىپادىلەيمىز.

كۋانت كومپيۇتېر تېخنىكىسىدا كۋانت ئۈستۈنلۈكى (quantum supermacy) دېگەنلىك مەلۇم پروگراملاندۇرغىلى بولىدىغان كۋانت ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق هازىرقى كومپيۇتېرلار چەكلىك ۋاقىتتا هەل قىلالمايدىغان مەسىلىنى هەل قىلىشنى ئەمەلگە ئۆشۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ قېتىم گۇگىل شىركىتى تەتقىقاتچىلىرى كۋانت كومپيۇتېرلىرى ساھەسىدىكى بۇ چوڭ بۆسۈشنى ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى قېتىم ئاسمانغا راكېتا چىقىرىش ئىجادىيىتىنىڭ غەلىبىسى بىلەن سېلىشتۇرغان بولسىمۇ، IBM ۋە باشقا ئوخشاش تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەۋاتقان شىركەتلەر بۇ نەتىجىگە تازا ئىشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈردى. IBM دىكىلەرنىڭ قارىشىچە، گۇگىلنىڭ بۇ تەجرىبىسىنى ئەمەلىيەتتە هازىرقى ئەڭ كۈچلۈك كومپيۇتېر هېسابلانغان ئامېرىكىدىكى دۆلەتلىك ئوك-رىج تەجرىبىخانىسىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېرلىرى ئىككى يېرىم كۈندە يېشەلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار گۇگىلنىڭ 3 مىنۇت 20 سېكۇنت ئىشلەتكەن رېكورتىنى بۇ ساھەدىكى خۇشاللىنارلىق خەۋەر دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەپسۇسكى، كۋانت ئۈستۈنلۈكىنى ئىسپاتلىغان تەجرىبىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئۆزى بىر باش ئاغرىتىدىغان مەسىلە. شۇڭلاشقىمۇ بۇ ساھەدە تالاش-تارتىشلارنىڭ بولۇشى، «مەن بىرىنچى، مەن قىلىكەتتىم» دېگەندەك داۋراڭلارنىڭ ئوك-تەتۈر بولۇشى هەم نورمال. چۈنكى، كۋانت كومپيۇتېرنى ھەقىقي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئايروپىلان ياكى راكېتانىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئوخشىمايدۇ. ئايروپىلان ئۇچسا بىز كۆرەلەيمىز، بۇ ئالاھىدە ئىسپاتلاش تەلەپ قىلمايدۇ. هالبۇكى، كۋانت كومپيۇتېرى ئاساس قىلغان كۋانت فىزىكىسىدىكى پرىنسىپلار بىز ئادەتتە بىلىدىغان لوگىكىغا چۈشمەيدىغان، ئىنسانىي ھېسلىرىمىز ياردىمىدە بىلگىلى بولمايدىغان كۋانت دۇنياسىدىكى ئىشلاردۇر. بۇ سەۋەبتىن، بۇ ساھەدىكى هەربىر بۆسۈش خەۋىرىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئۆزىگە بىرنەچچە يىل كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ساھەگە دۆلەت ياكى شەخسىيلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشلىرى ئاستىلاپ قالغىنى يوق. هازىرغىچە بۇ ساھەگە سېلىنغان مەبلەغ سوممىسى بىر مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. D-Wave نى ئاساس قىلغان كانادا شىركەتلىرىلا 2019-يىلىغا قەدەر جەمئىي 243 مىليون دوللار مەبلەغكە ئېرىشكەن. قايسى دۆلەت بۇ تېخنىكىنى بىرىنچى بولۇپ ئىگەللىسە، هەربىي ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە بىر مونوپول هالەتكە ئۆتۈپ، تەڭداشسىز بىر تېخنىكىلىق كۈچكە ئېرىشىدۇ (باشقا دۆلەتلەر ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ). شۇ سەۋەبتىن كۋانت كومپيۇتېرلىرىنى روياپقا چىقىرىش، تېخنىكىلىق تەلەپلەرنىڭ قىيىنلىقىغا قارىماستىن ئەڭ كەسكىن رىقابەت ساھەسى بولۇپ قالدى. ئەگەر هازىرقى تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلار ۋاقتىدا هەل قىلىنمىسا، بەلكى بۇ ساھەدىكى «ئالتۇن-قېزىش» قىزغىنلىقى بىر مەزگىل سوۋۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن۞

پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. Brooks, M. Beyond quantum supremacy: the hunt for useful quantum computers (2019).

2. Gibney, E. Quantum gold rush: the private funding pouring into quantum start-ups (2019).

3. Sample, I. Google claims it has achieved 'quantum supremacy' – but IBM disagrees | Google | The Guardian (2019).

4. Arute, F. et al. Quantum supremacy using a programmable superconducting processor. *Nature* **574**, 505-510 (2019).



ئاپتور:

ماتېرىيال فىزىكىسى دوكتورى، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى تەتقىقاتچىسى.

(barat.achinuq@physics.ox.ac.uk)

# قارا ئۆڭكۈر ۋە نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى

مەمەتئىمىن ئابباس كۆكتارىم

2020-يىللىق نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى روگېر پېنروس (Roger Penrose)، رائىنخارد گېنزېل (Reinhard Genzel) ۋە ئاندرىيا گېز (Andrea Ghez) لارغا بېرىلدى. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى شۇ بولدىكى، ئۇلار ئىنسانىيەتكە قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. قارا ئۆڭكۈرلەر ئالەمدىكى تارتىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بوشلۇقلار بولۇپ، ھەتتا نۇرمۇ ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ (مۇقاۋا رەسىمگە قاراڭ). چوڭ يۇلتۇزلارنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك يوقىلىشىدىن قارا ئۆڭكۈرلەر پەيدا بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ماسسىسى قۇياشتىن نەچچە مىليارد ھەسسە كۆپ بولىدۇ. بۇ غايەت زور بوشلۇقلار گەرچە ئالبېرت ئېينىشتېيىننىڭ ئومۇمىي نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە قانداق قىلىپ غايەت زور يۇلتۇزلارنىڭ يىمىرىلىپ قارا ئۆڭكۈرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇلدا ئىسپاتلاشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما بۇنىڭ ماتېماتىكىسى ئاجايىپ مۇرەككەپ بولۇپ، نۇرغۇن ئالىملار بەل قويۇۋەتكەن. روگېر پېنروسنىڭ قىياسىچە، قارا ئۆڭكۈرلەر ھەممىشە بىر يەككىلىكنى، يەنى بوشلۇق ۋە ۋاقىت ئاخىرلىشىدىغان چېگرانى يوشۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ماتېماتىكىلىق ئۇقۇم - «قاپسالغان يۈز» (trapped surface) بولۇپ (رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك)، بۇ يۈز مەيلى سىرتىغا ياكى ئىچىگە ئەگرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆتكەن بارلىق نۇرلارنى مەركەزگە توغرىلايدۇ. ماددا يىمىرىلىشكە باشلىغاندا، قاپسالغان يۈز شەكىللەنگەن ھامان بۇ جەريان توسالغۇسىز داۋاملىشىدۇ.




روگېر پېنروسنىڭ قاپسالغان يۈز قىياسى سىخېمىسى

ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان فىزىكا ئالىملىرى سامان يولىنىڭ مەركىزىدە قارا ئۆڭكۈر بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەجەبا قارا ئۆڭكۈرلەرنى بىۋاستە كۆزىتىش مۇمكىنمۇ؟ يەر شارى ئاتموسفېراسى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇرمىلىنىشنى تولۇقلاش ئۈچۈن، يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى بىز يۈز كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئاتموسفېرا قەۋىتىنىڭ ئاستىدا ياشايمىز. تېلېسكوپنىڭ ئۈستىدىكى چوڭ ھاۋا كۆپۈكچىلىرى لىنزىنىڭ رولىنى ئويناپ تېلېسكوپنىڭ ئەينىكىگە چۈشىدىغان نۇرنى سۇندۇرۇپ، نۇر دولقۇنىنى بۇرايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن يۇلتۇزلارنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنىڭ تۇتۇق بولۇشىنىڭ

سەۋەبى. ماسلىشىشچان ئوپتىكانىڭ بارلىققا كېلىشى كۆزىتىشنى يۇقىرى دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. يېڭىچە تېلېسكوپلارغا نېپىز قوشۇمچە ئەينەك ئورنىتىلىدىغان بولۇپ، ھاۋانىڭ داۋالغۇشىنى تولۇقلايدۇ ۋە بۇرمىلانغان رەسىمنى تۈزىتىدۇ.

رائىنخارد گېنزېل ۋە ئاندرېيا گېز دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تېلېسكوپلار بىلەن سامانيولىنىڭ مەركىزىدىكى يۇلتۇزلارنى ئوتتۇز يىلغا يېقىن تىنىم تاپماي كۆزەتكەن، تېخنىكىسىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن. تېخىمۇ سەزگۈر رەقەملىك نۇر سەزگۈچ ۋە تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىشچان ئوپتىكا بىلەن رەسىمنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى مىڭ ھەسسىدىن كۆپرەك ياخشىلىغان ۋە ئاخىرى سامانيولىنىڭ مەركىزىدە ئادەتتىن تاشقىرى زور بىر قارا ئۆڭكۈرنىڭ بارلىقىنى ئەڭ قايىل قىلارلىق ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ غايەت زور جىسىمنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىۋاتقان يۇلتۇزلارنى سۈمۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان۞


### پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. Press release: The Nobel Prize in Physics 2020, https://www.nobelprize.org/prizes/physics/2020/press-release/

2. Black hole breakthroughs win Nobel physics prize, https://www.bbc.com/news/science-environment-54420240

3. The singularity Theorem (Nobel Prize in Physics 2020), https://www.einstein-online.info/en/spotlight/the-singularity-theorem/



### ئاپتور:

فىزىكا پەنلەر دوكتورى، فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى تەتقىقاتچىسى.

(mamatimin@gmail.com)



# يادرو بىرىكىش ئېنېرگىيەسىگە ئېرىشىش بىر خام خىيالمۇ؟

ئابدۇلھەمىد قاراخان

تېخىمۇ بىخەتەر ۋە پاكىز بولغان يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى بەش يىل ئىچىدە ۋۇجۇدقا چىقامدۇ؟ ئامېرىكىنىڭ داڭلىق پەن-تېخنىكا شىركىتى بولغان لوكھىد مارتىن شىركىتى (Lockheed Martin Corporation) نىڭ يادرو بىرىكتۈرۈش رېئاكتورى قۇرۇشتا ئاخىرقى باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشى پەن-تېخنىكا دۇنياسىدا زىل-زىلە پەيدا قىلدى[1].

يادرو ئېنېرگىيەسى ئادەتتە پاكىز ئېنېرگىيە مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ. بۈگۈنكى يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى يادرو پارچىلىنىش رېئاكسىيەسى ئارقىلىق، يەنى رادىيوئاكتىپلىق ئېلېمېنتلارنىڭ يادروسىنى پارچىلاش ئارقىلىق ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارماقتا. يادرو پارچىلىنىش ئېنېرگىيەسى -- زۆرۈر بولغان قاتتىق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى، قوغداش خاراكتېرلىك قاپلىما ۋە ئىسسىقلىقنى كونترول قىلىش شەرتى ئاستىدا مەشغۇلات قىلىنغاندا بىخەتەر بىر ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى يېتەرلىك بولمىغاندا، رېئاكتورنىڭ يادروسى قىزىپ پارتلاپ، ئەتراپتىكى ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراق بىلەن ئارىلىشىپ ئۇزۇن يىل رادىيوئاكتىپلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئېغىر دەرىجىدە مۇھىتنى بۇلغايدۇ. ئۆتمۈشتىكى يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى يولۇققان بىر قانچە ھادىسە، بولۇپمۇ 1986-يىلدىكى چېرنوبىل ۋەقەسى ئىنسانلارنىڭ يادرو ئېنېرگىيەسىگە بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتتى. شۇڭا ئىنسانلار يېقىن كەلگۈسىدە ھەم پاكىز ۋە ھەم بىخەتەر بولغان غايەت زور ئېنېرگىيەلىك يادرو بىرىكىش رېئاكتورلىرىغا ئېھتىياجلىق بولماقتا.

ئالدى بىلەن يادرو ئېنېرگىيەسى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. يادرو ئېنېرگىيەسى ئېينىشتېيننىڭ ماددا ئېنېرگىيە تەڭلىمىسى ($E=mc^2$) نىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بولىدىغان بولۇپ، ھەر قانداق ماسسىغا ئىگە ماددا غايەت زور دەرىجىدە ئېنېرگىيەگە ئايلىنالايدۇ. يادرو ئېنېرگىيەسى يادرو پارچىلىنىش ئېنېرگىيەسى ۋە يادرو بىرىكىش ئېنېرگىيەسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ[2].

يادرو پارچىلىنىش ئېنېرگىيەسى: ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىشى بولسا بىر نېيتروننىڭ ئۇران-235 ئىزوتوپىغا ئوخشاش رادىياكتىپ ئېغىر ئېلېمېنتنىڭ يادروسىغا سوقۇلۇپ، بۇ ئۇران ئاتومىنىڭ تۇراقسىز ھالغا كېلىشى بىلەن بارى (Ba)، كىرىپتون (Kr)، كسېنون (Xe) ۋە ستىرانتىيۇم (Sr) غا ئوخشاش ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك يادرولارغا بۆلۈنۈشىدۇر. شۇڭا ئاتوملارنىڭ پارچىلىنىشى بىر يادرو رېئاكسىيەسىدۇر. پارچىلىنىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئاتوملارنىڭ بەزىلىرى رادىيوئاكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

نېيتروننىڭ رادىيوئاكتىپلىق ئېغىر ئېلېمېنتلارغا سوقۇلۇشى بىلەن باشلىنىدىغان يادرو پارچىلىنىش رېئاكسىيەسىنىڭ نەتىجىسىدە، غايەت زور مىقداردا ئېنېرگىيە بىلەن بىر قانچە نېيترون ئەتراپقا

$$ {}^{1}_{0}n + {}^{235}_{92}U \rightarrow {}^{236}_{92}U \rightarrow {}^{141}_{56}Ba + {}^{92}_{36}Kr + 3\,{}^{1}_{0}n $$

$$ {}^{1}_{0}n + {}^{235}_{92}U \rightarrow {}^{236}_{92}U \rightarrow {}^{140}_{54}Xe + {}^{94}_{38}Sr + 2\,{}^{1}_{0}n $$




1-رەسىم: يادرو پارچىلىنىش رېئاكسىيەسى سىخېمىسى.

چېچىلىدۇ. يادرو پارچىلىنىش رېئاكسىيەسى نەتىجىسىدە قويۇپ بېرىلگەن ئېنېرگىيە، خىمىيەلىك رېئاكسىيەدىن چىققان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىگە سېلىشتۇرغاندا تەخمىنەن بىر مىليون ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ.

**يادرو بىرىكىش ئېنېرگىيەسى:** يادرولارنىڭ بىرىكىشى بولسا يېنىك رادىيوئاكتىپلىق ئاتوم يادروسى بىرلىشىپ ئېغىرراق ئاتوم يادروسىنى ھاسىل قىلىدىغان ھادىسىدۇر. يادرو بىرىكىش رېئاكسىيەسىدە پەيدا بولغان ئېنېرگىيە، پارچىلىنىش رېئاكسىيەسىدە ھاسىل بولغان ئېنېرگىيەدىن ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە بولىدۇ. قۇياش ۋە يۇلتۇزلاردىكى ئېنېرگىيەلەر ئاساسەن يادرو بىرىشىش رېئاكسىيەسىدىن ھاسىل بولىدۇ. قۇياشنىڭ مەركىزىنىڭ ئىسسىقلىقى تەخمىنەن 15 مىليون گىرادۇستۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە غايەت زور تارتىش كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھىدروگېن دېيتېرىي ئىزوتوپى بىلەن ھىدروگېن تىرىتىي ئىزوتوپى بىرلىشىپ، گېلىي ئاتومىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە توختاۋسىز رەۋىشتە ئېنېرگىيە ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

$$ {}^{2}_{1}H + {}^{3}_{1}H \rightarrow {}^{4}_{2}He + {}^{1}_{0}n $$




2-رەسىم: يادرو بىرىكىش رېئاكسىيەسى سىخېمىسى.

ئىزوتوپ ئوخشاش مىقداردا پروتون، ئەمما ئوخشىمىغان مىقداردا نېيترون بولغان ئاتوم يادروسىغا ئىشلىتىلىدىغان ئېنىقلىمىدۇر. دېيتېرىي بولسا پروتون ۋە نېيتروندىن تەركىب تاپقان ھىدروگېن ئىزوتوپى . تىرىتىي بولسا ھىدروگېن يادروسىنىڭ پروتون ۋە ئىككى نېيتروندىن تەركىب تاپقان يەنە بىر ھىدروگېن ئىزوتوپى .

ھىدروگېنىنىڭ دېيتېرىي ئىزوتوپى تەبىئەتتىكى ھىدروگېنىنىڭ پەقەت 0.02% نى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، دېڭىز سۇلىرىدا مەۋجۇت، ئۇنى خىمىيەلىك ئۇسۇللار بىلەن ئايرىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ھىدروگېنىنىڭ تىرىتىي ئىزوتوپى تەبىئەتتە ئارانلا 7.3 كىلوگىراملىق مىقداردا مەۋجۇت. يادرو رېئاكتورلىرىدا ھىدروگېنىنىڭ تىرىتىي ئىزوتوپىنى لىتىي مېتالىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ.

يادرو بىرىكىش رېئاكسىيەسىنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن غايەت زور دەرىجىدە ئىسسىقلىق بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئېلېكترونلار يادرودىن ئاجرىلىپ چىقىدۇ ۋە يادرو بىرىكىشكە شەرت شارائىت

ھازىرلىنىدۇ. بۇ خىل ماددىنىڭ زەرەتلەنگەن گاز ھالىتى پىلازما دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىكىش رېئاكسىيەسى ئۈچۈن لازىملىق تېمپېراتۇرا بولسا 4.4 كىلوئېلېكتروۋولت، بۇ 50 مىليون سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بىر مىقدار. يادرو بىرىكىش رېئاكسىيەسىدىن ھاسىل بولغان ئېنېرگىيە 17.6 مېگائېلېكتروۋولت بولۇپ، تەخمىنەن 150 مىليون گرادۇسلۇق غايەت زور بىر ئىسسىقلىق تەڭداشتۇر. يادرو بىرىكىش رېئاكتورلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بەزىدە «سۈنئىي قۇياش» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبمۇ شۇنىڭدىندۇر[3].

ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا يادرو بىرىكىش رېئاكتورى بىلەن تەجرىبە ئېلىپ بېرىلماقتا، ئەمما پەن-



3-رەسىم: ITER نامىدىكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يادرو بىرىكىش رېئاكتورىنىڭ كەسمە كۆرۈنۈشى

تەتقىقاتچىلار بۇ بىرىكىش رېئاكتورى نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئاندىن ئېنېرگىيە ئىشلەپ چىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ دەپ قارايدۇ. ITER نامىدىكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يادرو بىرىكىش رېئاكتورىنى ياساش پىلانى يېقىن زامان پەن- تېخنىكىسىدىكى ئەڭ چوڭ تەۋەككۈلدۇر. بۇ رېئاكتورنى ياساشقا 12 دۆلەتتىن مىڭلىغان پەن-تەتقىقاتچىلار قاتناشقان بولۇپ، بۇ رېئاكتور مىلياردلىغان مەبلەغ سەرپ قىلىنغان 70 يىللىق تەتقىقاتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر[4].

شەخسىي شىركەتلەرمۇ بۇ ساھەدە بوش كەلمەيۋاتىدۇ. لوكھىد مارتىن شىركىتى 2017-يىلىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان يادرو بىرىكىش رېئاكتورىنى ئىشلەپچىقارغانلىقىنى ۋە 2022-يىلى بازارغا سېلىنىدىغان نۇسخىسىنى تەييارلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لوكھىد مارتىن شىركىتىنىڭ يادرو بىرىكىش رېئاكتورىنى قوزغىتىپ مەشغۇلات قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا دۆلەتلىك ياندۇرۇش قۇرۇلۇشى (National Ignition Facility) گە ئوخشاش ئىنتايىن مۇرەككەپ ماگنىت ياكى لازېر سىستېمىسىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ[5]. ماگنىتلىق ئېنەك ئارقىلىق رېئاكتورنىڭ ئىچىگە تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىدە زەرەتلەنگەن زەررىچىلەرنى قاچىلىغىلى ۋە پىلازمىلارنىڭ يۆنىلىشىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

يادرو بىرىكىش رېئاكتورى ئىچىدىكى ھاۋا ۋە باشقا گازلار پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىلىپ، تامامەن ۋاكۇئۇم ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. ئەگەر رېئاكتور ئىچىدە ھاۋا ۋە بەزى ئېغىر گازلار مەۋجۇت بولۇپ قالسا، پىلازمىنىڭ تېز سوۋۇشىنى ۋە رېئاكسىيەنىڭ توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوكسىگېنغا ئوخشاش بىر قىسىم گازلار رېئاكتور ئەسلىھەلىرى بىلەن خىمىيەلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. يادرو بىرىكىش رېئاكتورىدا يەنە ئىنتايىن يۇقىرى ماگنىت مەيدانى ھاسىل قىلىنىشى كېرەك، يېڭى ئەۋلاد

رېئاكتورلىرى توكاماك TOKAMAK دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يۇقىرى ماگنىت مەيدانى ئارقىلىق قىزىق پىلازمىلارنى چۈشەپ ۋە كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.



4-رەسىم: لوكھىد مارتىن شىركىتى تەرىپىدىن ياسالغان كىچىك تىپتىكى يادرو بىرىكتۈرۈش رېئاكتورى.

يادرو بىرىكىش رېئاكتورى بىخەتەر بولۇپ، يادرو بىرىكىش جەريانىدا ھېچقانداق رادىياكتىپلىق پارچىلىنىش قالدۇقى بولمايدۇ. ئەگەر بىرىكىش رېئاكسىيەسى يۈز بەرمىگەندە، رېئاكسىيە جەريانى توختاپ قالىدۇ[6]. ئەگەر بۇ يادرو بىرىكىش ئېنېرگىيە تېخنىكىسى مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، بۇ مۇۋاپپىقىيەت ئىنسانىيەت تارىخىدىكى پەن-تېخنىكىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ چوڭ غەلىبىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، يادرو بىرىكىش ئېنېرگىيەسى يېقىن كەلگۈسىدە، ئىچىدىن يانىدىغان موتورنىڭ كەشپىياتى، كومپيۇتېر ياكى تورغا ئوخشاشلا دەۋر بۆلگۈچ بىر پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن۞

### پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. Lockheed Martin announces its working on a compact fusion reactor (2020).
2. Nükleer Enerji (2021).
3. Fission and Fusion (2020).
4. Long Read - Outside Insights: Alternative Fusion (2021).
5. Lockheed Martin Corporation Compact Fusion Reactor (2021).
6. Advantage of Fusion (2021).


### ئاپتور:


ئابدۇلھەمىد قاراخان ئەپەندى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا رادىياكتىپ خىمىيە كەسپىدە باكلاۋۇرلۇقتا ۋە ئىستانبۇل تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا يادرو ئېنېرگىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان. ھازىر تۈركىيە تاشقى تۈركلەر ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ.
(yurtyar@gmail.com)

# پېروۋسكىت ماتېرىيالى ھەققىدا يېڭىلىق :

## $CH_3NH_3PbI_3$ پېروۋسكىت نېپىز قاتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئېلېمېنتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش

ئابدۇخەبەر مىرزەخمەت

مۇھەررىردىن ئىلاۋە:

يېقىندا خىمىيە، فىزىكا ۋە ماتېرىيال ئىلمىي قاتارلىق ساھەلەردە خەلقئارادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلمىي ژۇرنال «**Advanced Materials**» دا، پېروۋسكىت نېپىز قاتنىڭ ئاخىرلاشتۇرغۇچى ئېلېمېنتلىرى ئاددىي ئۇسۇلدا ئېنىقلىنىپ چىقىلغان بىر نەتىجە ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇر ياش تەتقىقاتچىمىزنىڭ بۇ نەتىجىسى بىزنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى ۋە تەتقىقاتىنى بىز بىلەن ئورتاقلىشىشقا تەكلىپ قىلدۇق. تېخىمۇ كۆپ ياشلىرىمىزنىڭ مۇشۇنىڭدەك تەتقىقاتلىرىدا بۆسۈش خارەكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىگە تىلەكداشمىز.

2009-يىلى ياپونىيەلىك پروفېسسور مىياساكا ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى $CH_3NH_3PbI_3$ ۋە $CH_3NH_3PbI_3Br_3$ پېروۋسكىت ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىپ قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارىيەنى ياساپ چىققان بولۇپ، بۇ باشقا تۈردىكى قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياسىلىشى ئاددىي، ئەرزان، تەننەرخى تۆۋەن ۋە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ماتېرىيالغا بولغان قىزىقىش ئالاھىدە كۈچىيىپ كەتتى. ۋە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تەجرىبىخانىدىكى قۇۋۋەت ئايلاندۇرۇش نىسبىتى 25.5% گە يېتىپ (نۆۋەتتىكى سىلىتسىي قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارىيەنىڭ 26.2%)، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا كىرىپ بولدى. بىراق باتارىيەلەرنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، شۇنداقلا ئۇزاق مەزگىل ئىشلىتىش ئۈچۈن بۇ ماتېرىياللارنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە خىمىيەلىك فورمۇلاسى $ABX_3$ گە چۈشىدىغان ماددىلار پېروۋسكىت دەپ ئاتىلىدۇ. نۆۋەتتە قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارىيەگە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان پېروۋسكىت بولسا $CH_3NH_3PbI_3$ بولۇپ، بۇنىڭدا A بولسا $CH_3NH_3$ نى، B بولسا Pb نى، X بولسا I نى كۆرسىتىدۇ. پېروۋسكىت قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارىيەنىڭ باشقا خىلدىكى قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارىيە بىلەن ئالاھىدە پەرقى بولسا، پېروۋسكىت ماتېرىيالىغا نۇر چۈشۈرگەن ۋاقىتتا، تېز سۈرەتتە مۇسبەت ۋە مەنپىي زەرەتلەرنى ھاسىل قىلىپ، مۇسبەت ۋە مەنپىي زەرەتلەرنى توشۇغۇچى قەۋەتلەرنىڭ ياردىمىدە، ئىككى قۇتۇپقا ئېقىپ بارىدۇ (1-رەسىم).

باتارىيەنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغىنى بولسا، باتارىيەنى تۈزگۈچى قاتلارنىڭ تېگىشىش يۈز ئېنېرگىيە دەرىجىلىرىنىڭ ماس ھالدا بىرلىشىشىدۇر (interface energy level alignment). بۇ ئېنېرگىيە دەرىجىلىرىگە تەسىر قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى، نېپىز قات (نېپىز فىلىم، thin film) ياسىغان ۋاقىتتىكى ئاخىرلاشتۇرغۇچى يۈزى (surface termination) ياكى ئەڭ سىرتقى قەۋىتىنىڭ (outermost surface) قايسى ئېلېمېنتلار بىلەن توختىتىشىدۇر. چۈنكى، نېپىز قاتنىڭ ئەڭ سىرتقى قەۋىتى خىمىيەلىك رېئاكسىيە، سىرتقى يۈز پوتېنسىئالى ۋە ئېلېكترون تۈزىلىش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قاتلارنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئېلېمېنتلارنى ئېنىقلاپ چىقىش زۆرۈر ۋە




| | | |
|---|---|---|
| ETL | ئېلېكترون (مەنپى زەرەت) توشۇغۇچى قەۋەت | Electron transport layer |
| HTL | بوشلۇق (مۇسبەت زەرەت) توشۇغۇچى قەۋەت | Hole transport layer |

1-رەسىم: پېرووۋسكىت قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارىيەنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەش پىرىنسىپى.




2-رەسىم: تەجرىبە ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىققان پېرووۋسكىت نېپىز پەردىنىڭ ئاخىرلاشتۇرغۇچى قەۋىتىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ ئورنى.

مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە بىرقانچە نەزەرىيە جەھەتتىكى ھېسابلاشلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئەڭ ئۈستىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ ئوخشىماسلىقى ھەقىقەتەنمۇ باتارىيەنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە چوڭ تەسىرى بولىدىغانلىقى بايقاپ چىقىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاپ ۋە جەزىم قىلىش مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن تەتقىقاتچىلار بىرقانچە نەتىجىلەرنى ئېلان قىلغان. ئەپسۇس نېپىز قاتلارنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئېلېمېنتلارنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىنتايىن تەس بولغانلىق سەۋەبلىك پەقەت كرىستال ھالەتتىكى پېرووۋسكىتنىلا (single crystal perovskite) ئىشلىتىپ، يەنە كېلىپ بىر ئاز قىيىن ۋە توغرىلىق نىسبىتى تۆۋەن ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئەڭ ئۈستىدىكى ئېلېمېنتلارنى ئېنىقلاپ چىققان. ئەڭ مۇھىمى، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى نەق قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارىيەگە ئىشلىتىدىغان نېپىز قات بولمىغانلىق تۈپەيلى، تېخىمۇ ئاددىي ۋە ئىشەنچلىك ئۇسۇلنى ئىشلىتىپ، پېرووۋسكىت نېپىز قاتنىڭ ئۈستىدىكى ئېلېمېنتلارنى ئېنىقلاش زۆرۈر بولۇپ كەلگەن. يېقىندا ئابدۇخەبەر قاتارلىقلار، ئۇلترا بىنەپشە نۇر ئېلېكترون سپېكتروسكوپ (UPS) ۋە ئىككىلەمچى ئاتوم ئېلېكترون سپېكتروسكوپ (MAES) لارنى قوللىنىپ ئاددىي ئۇسۇلدا ئېنىقلاپ، $CH_3NH_3PbI_3$ پېرووۋسكىت قېتىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە $CH_3NH_3$ ۋە I قاتارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ بارلىقىنى تېپىپ چىققان (2-رەسىم).

UPS دا ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى ماتېرىيالغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئېلېكترونلارنى قوزغىتىپ چىقىرىپ، ئېلېكترونلارنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئۆلچەش ئارقىلىق، نېپىز پەردىدىكى شۇ ئېنېرگىيەگە ماس ھالدىكى ئېلېمېنتلارنى بىلىپ چىققىلى بولىدۇ. بىراق MAES دا بولسا، ئىككىلەمچى ئاتومنى قوزغاتقۇچى مەنبە قىلىپ ئىشلەتكەن بولغاچقا، بۇ ئاتوملار ماتېرىياللارنى تېشىپ كىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، پەقەت سىرتقى يۈزى بىلەنلا ئۇچرىشالايدۇ، يەنى پەقەت نېپىز قاتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئېلېمېنتلارنىلا ئېنىقلاپ چىقالايدۇ. UPS ۋە MAES نىڭ سپېكتىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، قايسى ئېلېمېنتلارنىڭ ئەڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكى ۋە قايسى ئېلمېنتلارنىڭ ئۈستىدە ئەمەسلىكىنى بىلىپ چىققىلى بولىدۇ (3-رەسىم). ئۇلار يەنە ئېلېمېنتلارنىڭ سپېكتىرلاردىكى ئورنىنى نەزەرىيەۋى ھېسابلاشلار ئارقىلىق دەلىللىگەن. ئاخىردا ھەقىقىي باتارىيەگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ دېگەننى بىلىش ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئېلېكترون توشۇغۇچى

ماتېرىيال كاربون 60 ئوتتۇرىسىدىكى ئېلېكترونلارنىڭ ھالىتى، ئېنېرگىيە دەرىجىلىرىنىمۇ ئېنىقلاپ چىققان. بۇ نەتىجىلەرنىڭ چىقىشى بۇنىڭدىن كېيىن باتارېيەنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يول ئاچىدۇ.




3-رەسىم: تەجرىبە پرىنسىپى. UPS بىلەن MAES نىڭ سېلىشتۇرمىسى. بۇ ئارقىلىق قايسى ئېلېمېنتلارنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى قايسى ئېلېمېنتلارنىڭ ئۈستىدە ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(ئوكسىگېن، سۇ، تېمپېراتۇرا ۋە ئۇلترا بىنەپشە نۇر) نىڭ تەسىرىدە پارچىلىنىپ كېتىپ، تۇراقسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە كېلىپ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئېلېمېنتلارنى بىلىپ چىققىلى بولىدۇ۞

### پايدىلانغان مەنبەلەر:

Mirzehmet, A et al. Surface Termination of Solution Processed CH3NH3PbI3 Perovskite Film Examined using Electron Spectroscopies. *Adv. Mater.* **33**, 2004981 (2021)

### ئاپتور:

ياپونىيە چىبا ئۇنىۋېرسىتېتى نانو ماتېرىياللىرى كەسپى دوكتورانتى.
(a.m.kirem0304@gmail.com)

# يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوللىرى

نامەتجان مەمەت

قىسقىچە مەزمۇنى: يۇقمايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ سانى تەرەققىي قىلغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئوخشاشلا ئېشىپ بارماقتا. بۇ كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ھەر يىلى 41 مىليون ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلماقتا. بۇ كېسەللىكلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ھەتتا بىر ئۆمۈر داۋالاش زۆرۈر بولغاچقا، ئېغىر دەرىجىدە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. يەككە شەخس ۋە ئائىلىنىڭ نامراتلىششى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. يۇقمايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىيىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرگە تاماكا چېكىش، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، قەرەللىك چېنىقىپ تۇرۇش ئادىتى يېتىلدۈرمەسلىك ۋە ساغلام بولمىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ توغرا بولمىغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. توغرا تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ساغلام يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ئارقىلىق مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىۋاتقان بۇ كېسەللىكلەرنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر (Non-Communicable Diseases) دېگىنىمىز، سۆز مەنىسىدىن ئالغاندا، بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە بىۋاستە تارقالمايدىغان، يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر بولۇپ، بۇلار پاركىنسون كېسىلى، ئىممۇنىتېت سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، سەكتە، كۆپ قىسىم يۈرەك قان-تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە راك كېسەللىكلىرى، دىئابىت، سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك كېسىلى، سۆڭەك بوغۇم ياللۇغى، سۆڭەك شالاڭلىشىش، ئالزايمېر(ياشانغانلاردىكى دېۋەڭلىك) كېسەللىكى، كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسىلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر، ئاستا ياكى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك بولۇشى مۇمكىن، بىراق كۆپىنچىسى يۇقۇملانمايدۇ. بۇ خىلدىكى كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن دۇنيادا ھەر يىلى 41 مىليون كىشى ھاياتىدىن ئايرىلىدىغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن دۇنيادىكى جەمئىي ئۆلۈم نىسپىتىنىڭ 71 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ (1-رەسىم) . ھەر يىلى 15 مىليون ئادەم 30 ياشتىن 69 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىغان بولۇپ، بۇ «بالدۇر» ئۆلۈپ كېتىشنىڭ 85% تىن كۆپرەكى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەردە كۆرۈلمەكتە[1]. 2020-يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 70 ياش، ئاياللارنىڭ 75 ياش؛ تەرەققى قىلغان دۆلەتلەردە، ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 79 ياش، ئاياللارنىڭ 82 ياش؛ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 69 ياش، ئاياللارنىڭ 73 ياش؛ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ياشىغان ئىنسانلارغا قارىغاندا قىسقا بولغان.

بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئىچىدە ئۆلۈش نىسپىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى يۈرەك قان-تومۇر كېسەللىكلىرى بولۇپ، ھەر يىلى 17 مىليون 900 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كەتمەكتە. ئۇنىڭدىن قالسا راك كېسەللىكلىرى (9 مىليون 100 مىڭ) ، نەپەس يولى كېسەللىكلىرى (3 مىليون 900 مىڭ) ۋە دىئابىت كېسىلى (1 مىليون 600 مىڭ) قاتارلىقلار بولۇپ، يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن بالدۇر ئۆلگەنلەرنىڭ 85% ىنى يۇقىرىدىكى تۆت گۇرۇپپا كېسەللىك ئىگەللەيدۇ[1].

يۇقمايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىيىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر بولسا: تاماكا چېكىش، ھاراقنى كۆپ ئىچىش ھەرىكەتنى ئاز قىلىش ۋە ساغلام بولمىغان يېمەك-ئىچمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت[4]. تاماكا ھەر يىلى 7 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولماقتا ۋە بۇ سانىنىڭ كەلگۈسى بىر نەچچە يىلدا كۆرۈنەرلىك ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. ھەر يىلى 1 مىليون 600 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى جىسمانىي ھەرىكەتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك[5]. ھەر يىلى 3 مىليون 300 مىڭ ئادەم ھاراق ئىچىش سەۋەبىدىن ئۆلمەكتە ۋە 4 مىليون 100 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈمى تۇز/ناترىينى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن كېلىپ چىقماقتا[1]. مۇھىت بۇلغىنىش يۇقمايدىغان كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدىغان مۇھىم خەتەرلىك ئامىللارنىڭ بىرى. بىر تەتقىقات ماقالىسىدە 2016-يىلى ھاۋا بۇلغىنىشى تاماكا چېكىشتىن قالسىلا دۇنيا مىقياسىدا يۇقمايدىغان كىسەلكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىككىنچى چوڭ خەتەرلىك ئامىل ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن (2-رەسىم). نۇرغۇن دۆلەتلەردە، مەسىلەن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا، ھاۋا بۇلغىنىشى يۇقمايدىغان كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەب ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلغان[6]. مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىۋاتقان بۇ كېسەللىكلەرنى توغرا تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ساغلام يېمەك-ئىچمەك ئادىتى ئارقىلىق بەلگىلىك دەرىجىدە ئالدىنى ئالغىلى بولىشى مۇمكىن.

تاماكا چەكمەسلىك ۋە تاماكا چەككۈچىلەر دەرھال تاماكىنى تاشلاش: تاماكا چېكىش ئىنتايىن ئېغىر بولغان ئاممىۋى ساغلاملىق مەسىلىسى بولۇپ نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولماقتا. تاماكا چېكىش تاماكا چەككەن كىشى ئۈچۈنلا زىيانلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى تاماكا ئىسىنىڭ تەسىرىگە




مەنبەسى: دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى[1] ۋە دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى[3].

1-رەسىم: دۇنيادىكى ھەر خىل كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈش نىسبىتى (2016-يىل).

ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئۇچۇنمۇ ئېغىر زىيانلىق. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ ئۆپكە راكى قاتارلىق بىر قىسىم راك كېسەللىكلىرىگە ۋە بەزى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىش نىسبىتىنىڭ تاماكا چەكمەيدىغانلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. شۇڭلاشقا تاماكا چەكمەسلىك نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا تاماكىغا خۇمار بولغانلار دەرھال تاشلاش كېرەك. تاماكا تاشلاش ئۇچۇن ئالدى بىلەن تاماكىنىڭ ساغلاملىققا بولغان زىيىنىنى بىلىشى، ئىككىنچى قەدەمدە، قەتئىي ئىرادىگە كېلىشى لازىم. ئىرادە تاماكا تاشلاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. ئۈچىنچى قەدەمدە، تاماكا چېكىدىغان مۇھىتتىن بىر مەزگىل يىراق تۇرۇش ۋە ياردەمگە ئېھتىياجى بار دەپ قارىسا تاماكا تاشلىتىش مۇتەخەسسىسلىرىدىن ياردەم ئېلىشى كېرەك.

ھاراق ئىچمەسلىك ۋە ھاراق ئىچىشكە كۆنۈپ قالغانلار دەرھال تاشلاش: ھاراقنى كۆپ ئىچىش، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يۈرەك كېسىلى، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، جىگەر كېسىلى ۋە ئاشقازان كېسىلىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سوزۇلماخاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ ۋە باشقا ئېغىر مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھاراق ئىچىشكە كۆنۈپ قالغانلار ھاراق تاشلاش ئۇچۇن ئالدى بىلەن ھاراقنىڭ ساغلاملىققا بولغان زىيىنىنى بىلىشى ۋە قەتئىي ئىرادىگە كېلىشى، شۇنداقلا ھاراق تاشلاش مەزگىلىدە ھاراق بار سورۇن ۋە ھاراق ئىچىدىغان مۇھىتقا قەتئىي يېقىن يولىماسلىقى لازىم. ئىرادە، ھاراق، تاماكا دېگەندەك ھەر قانداق خۇمار بولغان زىيانلىق ماددىلاردىن قۇتۇلۇشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. ھاراق تاشلاشتا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمىنى ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم، خالىغانچە دورا ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئىزچىل جىسمانىي ھەرىكەت قىلىش: پەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قاتناشنىڭ قولايلىششى




مەنبەسى: مۇھىت خەۋپى ۋە يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر[6].

2-رەسىم: بىر قىسىم يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارغا سەۋەپ بولىدىغان خەتەرلىك ئامىللار.

كۈندىلىك ھەرىكەت مىقدارىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەھۋال نۇرغۇنلىغان جىسمانىي،روھىي ۋە ئىجتىمائىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنىڭ ئوت پىلتىسى بولماقتا. نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىزچىل مۇۋاپىق جىسمانىي ھەرىكەت قىلىش مېڭە ساغلاملىقى، روھىي ساغلاملىق ۋە بەدەن ئېغىرلىقىنى نورمال تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ، سوزۇلما خارەكتېرلىك كېسەللەر ۋە بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كۆرۈنەرلىك رولى بار. ھەر قانداق ئىش قىلغاندا بەلگىلىك ئۆلچەم ۋە نورمال بولۇش مۇھىم، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئەكس تەسىرى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. جىسمانىي ھەرىكەت قىلغاندىمۇ نورمال ۋە ئۆلچەملىك بولۇشىغا بولۇپمۇ بەدەن چېنىقتۇرىدىغانلار ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى 18-64 ياش ئارىسىدىكى ئادەملەر ئۈچۈن بىر ھەپتىدە ئەڭ ئاز 150 مىنۇت ھەرىكەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ[7]. بۇ ھەرىكەتلەر مېڭىش، يۈگرەش، ۋېلسىپىت مىنىش ۋە سۇ ئۈزۈش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك چېنىقىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر چېنىقىشنى پىلانلىغان كىشىلەردە ساغلاملىق مەسىلىسى بولسا چېنىقىشتىن بۇرۇن چوقۇم دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەت ئېلىشى كېرەك.

توغرا بولغان يېمەك-ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرۈش: يېمەك-ئىچمەك ئادىتى ۋە ئوزۇقلۇق ئەھۋالى، يۇقمايدىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش-ولماسلىقنىڭ مۇھىم بىر بەلگىلىگۈچىسىدۇر. بىر قېتىمدىلا نورمالدىن كۆپ يېيىش، بىر كۈن ئىچىدە كۆپ قېتىم يېيىش، تاماق يېيىش ۋاقتىنىڭ توغرا بولماسلىقى ۋە قەرەلسىز بولۇشى، ساغلام بولمىغان يېمەك-ئىچمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ۋە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىقلار يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر ۋە باشقا ساغلاملىق مەسىلىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. تاماق يېگەندە زىيادە تويغىدەك يېمەسلىك كېرەك. بۇ ھەققىدە بىزنىڭ دىنىمىزدىمۇ ئاشقازاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى بوش قويۇش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بىر كۈن ئىچىدە ئۈچ ۋاختىن كۆپ تاماق يېمەسلىككە ئادەتلىنىش ۋە تاماق سائەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم (ئاشقازان راكى تۈپەيلى

ئاشقازاننى پۈتۈن كېسىپ ئېلىۋەتكەن كىشىلەر ۋە شۇنىڭدەك بەزى كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن كۆندە ئاز لېكىن پات-پات بىر نەرسە يېمىسە بولمايدىغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا). ناشتىلىقنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن بۇرۇن، چۈشلۈك تاماقنى 12 بىلەن 1 نىڭ ئارىسىدا يېيىش ۋە كەچلىك تاماقنى ئەڭ كېچىككەندە 7 دە يەپ بولۇش، كەچلىك تاماقتا ئامال بار ئاسان ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى تاللاش لازىم. ياغ، تۇز ۋە شېكەرنى ئاز ئىستېمال قىلىش كېرەك. سەي كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك. قوي گۆشى، كالا گۆشى، توخۇ گۆشى ۋە بېلىق گۆشىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلىنىش لازىم.

قەرەللىك بەدەن تەكشۈرتۈش: قەرەللىك سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشنىڭ يۇقمايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىشتا رولى ئىنتايىن چوڭ. تولىمۇ ئەپسۇس، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە ماشىنىسىغا كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، كىشىلەر ماشىنىلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈشكە ئاپىرىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ۋە ۋاقتىدا تەكشۈرتىدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىدىن بىرەر مەسىلە كۆرۈلمىگىچە دوختۇرخانىغا بارمايدۇ. قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشنىڭ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، گىرىپتار بولۇپ بولغان كېسەللىكلەرنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كۆرۈنەرلىك رولى بار، شۇڭلاشقا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ يىلدا بىر قېتىم ئومۇمىي ساغلاملىق ئەھۋالىنى تەكشۈرتۈشكە ئادەتلىنىش لازىم.

خۇلاسە قىلغاندا، يۇقمايدىغان كېسەللىكلەر ھەر يىلى مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشىگىمۇ سەۋەب بولماقتا. بۇ بالدۇر ئۆلۈشنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەردە كۆرۈلمەكتە. بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋالاشقا ئېھتىياجى بولغانلىقتىن شەخسلەرگە ۋە ئائىلىلەرگە ئېغىر دەرىجىدە ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي بېسىملارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئاگاھ ھالدا توغرا ياشاش ۋە ساغلام ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئارقىلىق بىر قىسىم يۇقمايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالالىشى تامامەن مۇمكىندۇر.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. WHO, Noncommunicablediseases (2020).

2. Life expectancy in industrial and developing countries in 2020 (2021).

3. Kamineni, S. Why the 21st century's biggest health challenge is our shared responsibility (2019).

4. WHO, Noncommunicablediseases (2018).

5. Forouzanfar, M. H. *et al*. Global, regional, and national comparative risk assessment of 79 behavioural, environmental and occupational, and metabolic risks or clusters of risks, 1990–2015: a systematic analysis for the Global Burden of Disease Study 2015. *Lancet*, **388** (2016).

6. Prüss-Ustün, A. et al. Environmental risks and non-communicable diseases. *BMJ* **364** (2019).

7. WHO, Global Strategy on Diet, Physical Activity and Health: Recommended levels of physical activity for adults aged 18-64 years (2020).



## ئاپتور:

ئامىنۇۋى ساغلاملىق پەنلەر دوكتورى، ئەنقەرە يىلدىرىم بەيازىت ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي فاكۇلتېتى ئامىنۇۋى ساغلاملىق بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچى.

(nimetcan@ybu.edu.tr)

# مېڭە سەكتىسى —

## ئۆشتۈمتۈت قوزغىلىدىغان مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش

مەمەتجان ياسىن ، ھۆرمىرە سالىھ

قىسقىچە مەزمۇنى: مېڭە سەكتىسى بولسا، ئۆشتۈمتۈت قوزغالغان مېڭە قان تومۇر كېسەللى بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدا ئۆلۈش ۋە مېيىپ بولۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. سەكتە دىئاگنوزى بولسا، كلىنىكىلىق ئالاھىدىلىك ۋە مېڭىنىڭ تەسۋىرگە باغلىق بولۇپ، قان تومۇر توسۇلۇپ مېڭىگە قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتە بىلەن قان تومۇر قانىش خاراكتېرلىك سەكتىنى پەرقلەندۈرىدۇ. سەكتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا سەكتىنىڭ مېخانىزملىرىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بويۇن ئارتېرىيەسى توسۇلۇش، يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى ۋە باشقا قان تومۇر كېسەللىكلىرى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇنىڭ خەتەرلىك ئامىللىرىنى بىلىش ۋە ئۇنى ياخشى كونترول قىلىش (قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، تاماكا تاشلاش ۋە ساغلام تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش) ئارقىلىق مېڭىگە قان چۈشۈشىنىڭ 80% ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سەكتىنى بايقاش جەھەتتە، سىلىشتۇرما بولمىغان CT قاناشقا دىئاگنوز قويالايدۇ. CTP تەسۋىر ھاسىل قىلىش ۋە مېڭە قان تومۇرنى سايىلاندۇرۇپ (Scanned) سۈرەتكە ئېلىش جەريانى (ئانگىئوگرافىيە) قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتىگە ئاكتىپ دىئاگنوز قويالايدۇ، ھەمدە ئىچكى قان تومۇرنىڭ توسۇلۇپ قالغان ئورنىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ھازىر قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، داۋالاش ئۇسۇللىرى قان نوكچىلىرىنى پارچىلايدىغان دورىلار بىلەن داۋالاش ۋە تومۇر ئىچى (Endovascular) تېخنىكىسى بىلەن داۋالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ ماقالىدا، سەكتە توغرىسىدىكى ئومۇمىي بىلىملەرنى ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى داۋالاش تېخنىكىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

## 1. سەكتە ئۇقۇمى ۋە كىلىنىكىلىق ئىپادىسى

سەكتە دېگىنىمىز، مېڭە قان تومۇر توسۇلۇپ قېلىپ مېڭە قانسىزلىنىش ۋە ياكى مېڭە قان تومۇر يېرىلىپ كېتىپ، مېڭىگە قان چۈشۈشتىن كېلىپ چىققان كېسەللىك بولۇپ، بۇ كېسەللىك ئادەتتە ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان مېڭە قان-تومۇر كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىك تۇيەيلى ھاياتىدىن ئايرىلغانلار ۋە مېيىپ بولغانلار بەك كۆپ. دۇنيادا ھەر مىنۇتتا بۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئون كىشى ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

قان تومۇر توسۇلۇش

(80%)




1-رەسىم: قان ئۇيۇشمىسىنىڭ مېڭە ئارتېرىيەسىگە ئورۇنلىشىپ، قان تومۇر توسۇلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى. قان تومۇر توسۇلۇپ مېڭە قانسىزلىنىشتىن كېلىپ چىققان سەكتە (Ischaemic Stroke).

يۈرەك ۋە مېڭە قان تومۇر كېسىلى دۇنيادىكى ئۆلۈش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان كېسەللىكلەردىن بىرى بولۇپ، بۇ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇلار بىر قان تومۇر سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ (WHO) ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن دۇنيادا ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە، ھەر تۆت ئادەمنىڭ بىرسى بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. يەنى دېمەككى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئۆلۈمنىڭ 25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ[1]. يۈرەك قان تومۇر توسۇلۇشى 13% نى، مېڭىگە قان چۈشۈش 12% نى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتۈن دۇنيادا ھەر يىلى 15 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبىدىن، بەش مىليون كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسا، بەش مىليون كىشى مېيىپ بولۇپ قالىدۇ[1,2]. قالغانلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك داۋالىنىش ۋە كۆزىتىش ئاستىدا بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى بىر قېتىم قان چۈشكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىملىق قان چۈشۈش ئېھتىماللىقىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا بۇ بىر جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكتۇر.

سەكتە ئىنگلىزچە "Stroke" دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ كېسەل ئاساسلىقى مېڭە قان تومۇرنىڭ توسۇلۇپ، مېڭە قانسىزلىنىش ۋە ياكى مېڭە قان تومۇر يېرىلىپ كېتىپ، مېڭىگە قان چۈشۈش تۈپەيلىدىن بولغاندىن ئىبارەت ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان كېسەللىكتۇر. بۇ ئىككى خىل كېسەللىكنى داۋالاش يوللىرىمۇ بىر-بىردىن زور پەرقلىنىدۇ.

قان تومۇر توسۇلۇپ مېڭە قانسىزلىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سەكتە (Ischaemic Stroke) دەپ ئاتىلىدۇ[3]. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، قان ئۇيۇشمىلىرى ۋە قان تومۇردىكى داشقاللار قان تومۇرنىڭ توسۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ (يەنى چىشتىكى تاشقا ۋە تومۇردىكى داتلارغا ئوخشاش) قان تومۇرلارغا يېپىشىپ قالغاندا بۇ خىل ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. بۇ ھۈجەيرىلەرگە بارىدىغان ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق توسۇلۇپ قالغان بولغاچقا، شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىن باشلاپلا مېڭە ھۈجەيرىلىرى ئۆلۈشكە باشلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىكى مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ خەتىرىنى پەقەت ئۈچ سائەت ئىچىدىلا كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

مېڭە قان تومۇر يېرىلىپ مېڭىگە قان چۈشۈشتىن كېلىپ چىققان سەكتە، Haemorrhagic Stroke دەپ ئاتىلىدۇ[4]. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مېڭە ئىچىدە قاناش يۈز بېرىپ، مېڭە ئىچىدە قاتتىق بېسىم پەيدا بولىدۇ. باشقا ھۈجەيرىلەرگە ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق يېتىپ بارالمايدۇ. بۇ، مېڭە توسۇلۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بولىدۇ. بۇ ئوخشىمىغان ئىككى تۈرنى ئايرىغاندىن كېيىنلا ئاندىن داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. نورمالدا غەرب دۆلەتلىرىدە قان تومۇرنىڭ توسۇلۇپ مېڭە قانسىزلىنىش %90-80 كېسەللەردە يۈز بەرسە، قان تومۇر يېرىلىپ مېڭىگە قان چۈشۈش %20-10 كېسەللەردە يۈز بېرىدۇ[1]. ئەمما جۇڭگودا قان تومۇرنىڭ يېرىلىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، %40-30 نى ئىگىلەيدىكەن[5].




2-رەسىم: مېڭە قان تومۇر يېرىلىپ مېڭىگە قان چۈشۈش.

### 2. ئالدىنى ئېلىش

دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار دورىلار ۋە ئۈسكۈنىلەرمۇ مېڭىگە قان چۈشۈشنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئەمما مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ خەتەرلىك ئامىللىرىنى بىلسىڭىز ھەم ئۇنى ياخشى كونترول قىلالىسىڭىزلا، مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ %80 ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىچە[6-8]:

- يۇقىرى قان بېسىمى: يۇقىرى قان بېسىمى تۈپەيلىدىن قان تومۇرنىڭ يېرىلىشى كېلىپ چىقىدۇ، بۇ يەنە يوشۇرۇن ئۆلۈم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇقىرى قان بېسىم بولغاندا، مېڭىگە قان چۈشۈش ۋە يۈرەك كېسەللىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ.
- يۇقىرى خولېستېرىن: يەنى قاندىكى ياغ مىقدارى كۆپ بولغان چاغدا، قان تومۇر توسۇلۇشنى ۋە قان تومۇرلارنىڭ قېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېيىن يۇقىرى قان بېسىم ياكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئورۇندا ئوڭايلا قاناش يۈز بېرىدۇ.
- قاندا قەنت تەركىبىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، يەنى دىئابېت كېسىلى: گەرچە بۇ قاننىڭ ئايلىنىشىغا بىۋاستە تەسىر قىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ قان سىستېمىلىرىغا تەسىرى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، نورمالدا دىئابېت كېسىلى بار كېسەلەر نورمال كېسەللەرگە قارىغاندا مېڭىسىگە قان چۈشۈش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىكەن.
- يۈرەكنىڭ نورماللىسىزلىقى: يەنى يۈرەكنىڭ بىنورمال سوقۇشى تۈپەيلىدىن يۈرەكتە،قان تومۇر سىستېمىلىرىدا قان ئۇيۇشمىلىرى شەكىللىنىپ قالىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئامىللاردىن باشقا، ئاياللارغا نىسبەتەن تۇغۇت چەكلەش دورىسىمۇ يەنە بىرخەتەرلىك ئامىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلىندى[6]. يەنە بىرسى، مېڭە راكى تۈپەيلىدىن رادىياكتىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلغان كىچىك باللاردا ئۇزۇن مەزگىلدىن كېيىن مېڭە قان تومۇر توسۇلۇشنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئىسپاتلاپ چىقىلدى[9]. مېڭە راكىغا (4-دەرىجە Glioblastoma) گىرىپتار بولغان بىمارلار مېڭىسىدە بۇ راك تۈپەيلىدىن يېڭىدىن شەكىللەنگەن قان تومۇردا قاناش يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل




3-رەسىم: مېڭىگە قان چۇشۇرىدىغان ئون خەتەرلىك ئامىل. مەسلەن: قان بېسىمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 73.5%ىدە قان تومۇر يېرىلىش خەۋپى بار (دوكتۇر سالىم يۈسۇف، مەك ماستېر ئۇنۋېرسىتىتىدىن).

راكنى ئوپېراتسىيە، رادىياكتىپ داۋالاش ۋە خىمىيىلىك داۋالاش ئارقىلىقلا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەسلىدە بۇ نۇرغۇن ئامىللارنىڭ بىرلەشمىسى ۋە ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مېڭە سەكتىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ.

ئۇنداقتا بىز بەدىنىمىزنىڭ ساغلاملىقىنى ۋە ئىممۇنىتېت كۈچىمىزنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە نېمە ئىشلارنى قىلالايمىز؟

- سەي-كۆكتاتلارنى كۆپرەك يېيىش.
- مېۋە-چېۋىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش. بۇنىڭ ئىچىدە، ئانارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغاندا، قاننى سۇيۇقلاندۇرىدۇ، ھەمدە بەدىنىمىزنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. يەنە پۇرچاق تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنىمۇ خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش رولى بار ئىكەنلىكى توغرىسىدا ماقالىلەرمۇ خېلى كۆپ.
- چېنىقىش. ھەر كۈنى يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە ھەرىكەت قىلىپ چېنىقىپ بەرگەندە، قان قۇيۇقلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن، چېنىقىشنىڭ ئادەم مېڭىسىگە قان چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە پايدىسى ئىنتايىن كۆپ.

قان نوكچىلىرىنى سۇيۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىمارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، دوختۇرلار ئاددىي قىلىپ كۈنىگە بىر ئاسپىرىن يېيىشنى بۇيرۇشى مۇمكىن، ئەمما جىق بولۇپ كەتسە، ئۇ مېڭە قاناشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى دوختۇرلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىستېمال قىلىش كېرەك. ئەگەر دوختۇرلار قان بېسىمى يۇقىرى بىمارغا دورا بۇيرۇپ بەرسە ۋە بىمار سەل قاراپ يېمىسە، مېڭە قان تومۇر توسۇلۇشى قاتارلىق ھەر خىل جىددىي خاراكتېرلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ئەمدى مېڭە سەكتىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قايسى ئىشلاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك؟




4-رەسىم: نورمال ۋە زەئىپلەشكەن قان تومۇرلار.

ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولغان ئامىللار تۆۋەندىكىچە[6]:

• تۇز: تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ئادەمدە يۇقىرى قان بېسىمى پەيدا قىلىدۇ.

• شېكەر: كۆپلەپ شېكەر-قەنت ۋە تېزلا شېكەرگە ئايلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش (بۇ پەقەتلا پېچىنە- پىرەنىك ۋە شاكىلاتنى كۆرسىتىپلا قالماي،بەلكى ئاق ئۇن تۈردىكى يېمەكلىكلەرگە ئوخشاش، تېزلا شېكەرگە ئايلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). شۇڭا يېشىل يېمەكلىكلەر، ئاقسىل ۋە تالالىق يېمەكلىكلەرنىمۇ يەپ بەدەننى تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك.

• سېمىزلىك: سېمىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بەدەن چېنىقتۇرۇپ كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بېرىش كېرەك.

• تاماكا چېكىش: نورمال كىشىلەرگە قارىغاندا تاماكا چەككەنلەرنىڭ قان تومۇر تۇسۇلۇشى ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. يەنى تاماكىنى كۆپ چەككەندە، قان قويۇقلۇقىنى، ھەتتا مېڭىگە قان چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئۇزۇن مەزگىل تاماكا چەككەنلەرنىڭ بۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

• ھاراق: نورمالدا ئىككى رومكىدىن ئارتۇق ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈش ئېھتىماللىقى، نورمال كىشىلەرگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن. تەتقىقاتچىلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ھاراق قان بېسىمنى يۇقىرىلىتىپ، قان ئېقىش مېخانىزمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدىكەن.

• روھى بېسىم ۋە جىددىيلىشىش: كەيپىياتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى، قاتتىق غەزەپلىنىش، قاتتىق ئازابلىنىش، قايغۇرۇش، ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىشلار يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى تېزلىتىپ، قان بېسىمنى يۇقىرىلىتىۋېتىدىكەن ۋە بۇ چۈرۈكلىشىپ كەتكەن قان تومۇرلارنىڭ ئېتىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇش مۇمكىن ئىكەن.

### 3. سەكتىنىڭ مېخانىزمى

قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتە:

بۇ مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. تومۇرنىڭ توسۇلۇشى يەنە ئىككى كىچىك تۈرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ ، بىرى مېڭە قان ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتىلىدۇ (cerebral thrombosis). بۇ مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ تارىيىشى سەۋەبىدىن بولغان تۈرگە قارىتىلىدۇ. مېڭە قان تومۇرنىڭ، يەنى ئارتېرىيەنىڭ ئىچىگە ياغلار ياكى باشقا ياغسىمان ماددىلار، چىشتىكى داغقا ئوخشاش مېڭە ئارتېرىيە تومۇرلىرىدىمۇ بىر خىل داتلاشما ۋە ياكى قاتتىقلاشمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ (4-رەسىم). ئىنگلىزچىدە (Plaque) دەپ ئېلىنغان.

بۇنىڭ بىلەن قان تومۇر يوللىرى تارىيىشقا  باشلايدۇ (4-رەسىم). بۇ خىلدىكى ئەھۋال قاندىكى خولېستېرىن مىقدارى يۇقىرى بولغان، يۇقىرى ياشتىكى كىشىلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ ، بۇ خىلدىكى كېسەللىك ئادەتتە 10-20 يىل جەريانىدا يۈز بېرىدۇ.

مېڭە قان تومۇر توسۇلۇش كېسەللىكىنىڭ ئىككىنچى خىلدىكىسىنى ئۇيۇشما كەپلىشىشتىن بولغان ئېمبولىيە سەكتىسى (embolic) دېيىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەھۋالدا، بەدىنىمىزنىڭ باشقا يەرلىرىدىكى قان ئۇيۇشمىلىرى مېڭىگە كېلىپ مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يۈرەك كېسىلى بار ۋە ياكى يۈرەك ئوپېراتسىيەسى قىلىنغان كىشىلەردە كۆپرەك يۈز بېرىدۇ.

قاناش خاراكتېرلىك سەكتە:

مېڭىگە قان چۈشۈشمۇ ئىككى خىل سەۋەبتىن يۈز بېرىدۇ. مېڭە قان تومۇرلىرىغا ھەر خىل مىنېراللار ئورۇنلىشىپ، نورمال بولمىغان بىر ئىششىنى شەكىللەندۈرۈپ، گاز شارچىسىدەك بىر شەكىلگە كېلىپ قالىدۇ (4-رەسىم)  ۋە مىنېراللار بۇنىڭغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن قان تومۇر تېمى نېپىزلاپ ئاخىردا قان- تومۇر يېرىلىش يۈز بېرىدۇ. بۇنى مېڭىنىڭ تورسىمان پەردە ئاستىدا قان چىقىش (hemorrhage subarachnoid ) دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئادەتتە يۇقىرى قان بېسىمى بار كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ تاماكىنى جىق




5-رەسىم: مېڭە قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيەسى.

چېكىدىغان كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى، مېڭىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قان - تومۇر يېرىلىپ قان چىقىشتۇر (Intracerebral hemorrhage). (2 -رەسىم)  بۇ خىل ئەھۋالدا مېڭە ئىچىدىكى ئىنچىكە قان تومۇرلار يېرىلىپ، بەزىسى بارماقچىلىك، بەزىسى ئالمىچىلىك  قان ئۇيۇشمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

## 4. تەكشۈرۈش ۋە دىئاگنوز قويۇش

فىزىكىلىق ئالامەتلەر:

يۇرەك كېسەللىكىگە سېلىشتۇرغان چاغدا، يۇرەك قان تومۇر توسۇلىشىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، يۇرەك سانجىپ ئاغرىش دېگەندەك. لېكىن مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ ئىپادىلىرى يۇرەك سانجىقىغا قارىغاندا ئاسان بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ ھەم بايقىماقمۇ تەس. بۇ بىر خىل جىددىي خاراكتېرلىك ئەھۋال بولۇپ، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئاساسلىقى مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىش ۋە توسۇلۇشىنىڭ مېڭىنىڭ قايسى قىسمىدا يۈز بەرگەنلىكىگە ئاساسەن بەدىنىمىزگە كېلىدىغان خەتىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ[11,12]. مەسىلەن، ئەگەر كىچىك مېڭىدە يۈز بەرسە، بىز تەڭپۇڭلۇقىمىزنى يوقىتىمىز ۋە ھەرىكەتلىرىمىزگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. مېڭىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يۈز بەرسە، بەدىنىمىزنىڭ سول تەرىپى پالەچ بولۇپ قالىدۇ. مېڭىنىڭ سول تەرىپىدە يۈز بەرسە، گەپ قىلالماسلىق (تىل كەمتۈكلۈك كېسىلى) ياكى گەپنى چۈشىنەلمەسلىك، ئىپادىلىيەلمەسلىك ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. مېڭىنىڭ غولىدا يۈز بەرسە، ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەپەسلىنىش ۋە يۇرەك سوقۇشىمىزدا خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

ھەر ئىككى خىل ئەھۋال مېڭىگە قان چۈشۈش ياكى مېڭە قان تومۇرتوسۇلۇشتا، بەدىنىمىزدە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ[11,12]:

1. ئادەمدە تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ دەلدەڭشىپ مېڭىش يۈز بېرىدۇ.
2. گەپ قىلىشى قىيىنلىشىدۇ.
3. بەدەن سەزمەس بولۇپ قالىدۇ.
4. بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ.
5. بېشىدا قاتتىق ئاغرىش بولىدۇ.
6. مېڭە خاتىرىسىنى يوقىتىش يۈز بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، مېڭىگە قان چۈشكەندە ھوشىدىن كېتىش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ.

يۇقىرى قان بېسىم بار ئەھۋالدا بويۇن قىسىم قاتتىق ئاغرىيدۇ. غەلىتە روھىي ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. نورمالدا دوختۇرلار بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاتقان مەزگىلدە، كېسەللىكلەرنىڭ ئىنكاسى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ئاساسەن مېڭىگە قان چۈشتىمۇ ياكى چۈشمىدىمۇ بۇنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئۇنى جەزملەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم CT (computed tomography) غا چۈشۈشنى بۇيرۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا دوختۇر يوق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى قانداق بايقاش مۇمكىن؟

• يۈزدىكى غەلىتىلىك. يەنى نورمال تەبەسسۇم قىلالامدۇ يوق، ئاغزى مايماق بولۇپ قالدىمۇ، كۆزى ئالغاي ھالەتتىمۇ؟

• سۆزلەش ۋە چۈشىنىش. يەنى، ئوچۇق گەپ قىلالامدۇ يوق، نېمە دېگەنلىكىڭىزنى چۈشىنەۋاتامدۇ؟

• بەدەندىكى ھەرىكەتلەر. يەنى ئىككى بىلىكىنى تەڭ كۆتۈرەلەمدۇ؟يەنە بىرسىنى كۆتۈرۈپ،يەنە بىرسىنى كۆتۈرۈۋالماسلىق ئەھۋاللار.

مۇشۇ خىل ئالامەتلەردىن كېسەللىكنى بايقىغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك بىرەر بىنورماللىق يۈز بەرسە تېزدىن جىددىي قۇتقۇزۇشنى چاقىرىش كېرەك. چۈنكى مېڭە قان - تومۇر توسۇلغاندا ياكى مېڭىگە قان چۈشكەن چاغدا، مېڭە ھۈجەيرىلىرى ئۆلۈشكە باشلايدۇ. نورمالدا كىشىلەر ۋاقىتقا ھەر خىل ئېنىقلىما بېرىدۇ. بەزىلەر ۋاقىتنى پۇل دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر ۋاقىتنى خىيالدا غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارايدۇ،

بۇ خىل كېسەللىك ئەھۋال ئاستىدا ۋاقىت ھاياتتۇر. بۇنداق مېڭە كىرزىسىدە، ھەر بىر مىنۇت ۋە ھەر بىر سېكۇنتنىمۇ ھېسابلاش كېرەك. چۈنكى ھەر مىنۇتتا 1.9 مىليون نېرۋىلار ئۆلىدۇ (تالا 12 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا)[13]. بۇ خۇددى بىرسىنى ماشىنا سوقۇۋەتكەندەكلا ئىنتايىن بىر جىددىي ئەھۋال. ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. دەرھال داۋالانمىسا،بىمار كىشى ئۆلۈپ كېتىشى ۋە مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مېڭە تەسۋىرىنى تەكشۈرۈش:

• باش CT: CT سكاننېرلاش/سايىلەش ئالاھىدە رېنتگېنلىك ئۇسكۇنىلەر بىلەن مۇرەككەپ كومپيۇتېرلارنى بىرلەشتۈرۈپ ، بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆپ خىل رەسىم ياكى رەسىملەرنى ھاسىل قىلىدۇ. دوختۇرلار باش CT نى ئىشلىتىپ ، قان نوكچىسى ياكى مېڭىدىكى سەكتىنى بايقايدۇ. سەكتىنى بايقاش ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، CTA (قان- تومۇر تەسۋىرى) ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. CTA دە، سىلىشتۇرما ماتېرىيال تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇلۇپ، چوڭ مېڭە قان -تومۇرلىرىدىن رەسىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا CTP دەپ ئاتىلىدىغان قان ئايلىنىشنى بايقىيالايدىغان رەسىملەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. CT، CTA ۋە CTP نىڭ بىرىكىشى دوختۇرلارنىڭ سەكتە بولۇپ قالغان بىمارنى ئەڭ ياخشى داۋالاشنى قارار قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ[14,15].

• ماگنېتلىق رېزونانس رەسىمى (Magnetic resonance imaging --MRI) كۈچلۈك ماگنىت مەيدانى، رادىيو چاستوتىلىق دولقۇن ۋە كومپيۇتېر ئارقىلىق ئەزا ، يۇمشاق توقۇلمىلار، سۆڭەك ۋە باشقا بارلىق ئىچكى بەدەن قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەپسىلىي رەسىملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. MR يەنە مېڭە قان تومۇرلىرىنى تەسۋىرلەشكە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ مېڭە قان-تومۇرنى سايىلاندۇرۇپ (Scanned) سۈرەتكە ئېلىش جەريانى MR ئانگىئوگرافىيىسى (MRA) دەپ ئاتىلىدۇ. قان ئايلىنىش سۈرئىتى MR پەرفۇسىئون (MR-perfusion: MRP) دەپ ئاتىلىدىغان تەرتىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. دوختۇرلار باشنىڭ MRI نى ئىشلىتىپ مېڭە سەكتىسىدىن كېلىپ چىققان زەخمىنى باھالايدۇ[14,15].

باشقا مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈشلەر

• قان تەكشۈرۈش: بۇنىڭ ئىچىدە قاننىڭ ئۇيۇلۇشىنىڭ قانچىلىك تېز ئىكەنلىكى ، قاندىكى قەنت مىقدارىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن ئىكەنلىكى، يۇقۇملانغان ياكى يۇقۇملانمىغانلىقىڭىزنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلار بار.

• يۈرەك ئۈلترا ئاۋاز دولقۇن سىخىمىسى: (Echocardiogram) يۈرەك ئۈلترا ئاۋاز دولقۇن سىخىمىسى يۈرەكنىڭ تەپسىلىي سۈرەتلىرىنى ھاسىل قىلىپ، قان نوكچىسىنىڭ (emboli) يۈرەكنى مەنبە قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

• يۈرەك ئېلېكتىرسىخىمىسى: (ECG, EKG) يۈرەكنىڭ ئېلېكتىر ھەرىكىتىنى تەكشۈرىدىغان ئېلېكتىرو كاردىيوگراممىا يۈرەك مەسىلىسىنىڭ سەكتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى چىقارمىغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

• كاروتىن ئۈلترا ئاۋاز دولقۇنى/دوپلېر ئۈلترا ئاۋاز دولقۇنى: ئۈلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق تەسۋىر ھاسىل قىلىش بەدەننىڭ بىر قىسمىنى يۇقىرى چاستوتىلىق ئاۋاز دولقۇنى بىلەن ئاشكارىلاپ، بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىنى رەسىمگە ئالىدۇ. دوختۇرلار دوپپلېر ئۈلترا ئاۋاز دولقۇنى دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە ئۈلترا ئاۋاز دولقۇنى تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ، بويۇننىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان ۋە يۈرەكتىن مېڭىگە قان

يەتكۈزىدىغان بەدەننىڭ ئىككى خىل يۇرەك قان تومۇرلىرىدىكى تارىيىش ۋە توسۇلۇشنى تەكشۈرىدۇ. دوپپلېر ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى بۇ قان تومۇرلارنىڭ تەپسىلىي رەسىملىرىنى ۋە قان ئايلىنىشقا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

- چوڭ مېڭە ئانگىئوگرافىيىسى: ئانگىئوگرافىيە داۋالاش تەسۋىرى بولۇپ، چوڭ مېڭىدىكى ئاساسلىق قان تومۇرلارنىڭ رەسىمنى ھاسىل قىلىدۇ. چوڭ مېڭە ئانگىئوگرافىيىسى، دوختۇرلارنىڭ قان نوكچىسى ياكى ئارتېرىيە تومۇرى تارىيىش قاتارلىق نورمالسىزلىقنى بايقاش ياكى دەلىللىشىگە ياردەم بېرىدۇ[14,15].

## 5. داۋالاش

سەكتىنى جىددىي داۋالاش ئۈچۈن، قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتە ياكى مېڭىگە قان چۈشۈشتىن كېلىپ چىققان سەكتە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم.

قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتە: قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش ئۈچۈن، دوختۇرلار چوقۇم مېڭىنىڭ قان ئايلىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن:

جىددىي تومۇر ئىچى intravenous (IV) دورىسى بىلەن داۋالاش؛ قان نوكچىلىرىنى پارچىلايدىغان دورىلار تومۇرغا بېرىلسە، كېسەللىك ئالامەتلىرى دەسلەپ باشلانغاندىن ئېتىبارەن تۆت يېرىم سائەت ئىچىدە بېرىلىشى كېرەك. بۇ دورىلار قانچە بالدۇر بېرىلسە شۇنچە ياخشى. تېز داۋالاش بىمارنىڭ ياشاش پۇرسىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى ئازايتىشى مۇمكىن.

Tissue Plasminogen Activator Antigen (tPA) دورىسى بىلەن داۋالاش؛ tPA بۇ بىر خىل قان نوكچىلىرىنى پارچىلاش دورىسى. tPA ئوكۇلى قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتىنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. tPA ئوكۇلى ئادەتتە كېسەللىك ئالامىتى پەيدا بولغان ئالدىنقى ئۈچ سائەت ئىچىدە قولدىكى ۋېنا تومۇرى ئارقىلىق بېرىلىدۇ. بەزىدە سەكتە ئالامەتلىرى باشلانغاندىن كېيىن تۆت يېرىم سائەتكىچە tPA بېرىلسە بولىدۇ. بۇ دورا قان نوكچىسىنى ئېرىتىپ، قان تومۇرنى راۋانلاشتۇرىدۇ. سەكتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئامىلنى تېزدىن چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ سەكتىدىن تولۇق ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. دوختۇر مېڭىدىكى يوشۇرۇن قاناش قاتارلىق بەزى خەتەرلەرنى ئويلىشىپ، tPA نىڭ بىمارغا ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ.

جىددىي تومۇر ئىچى (Endovascular) تېخنىكىسى بىلەن داۋالاش؛ دوختۇرلار بەزىدە توسۇلۇپ قالغان قان تومۇرنى بىۋاسىتە ئېچىش ئارقىلىق سەكتىنى داۋالايدۇ. Endovascular تېخنىكىسى ئارقىلىق داۋالاش نەتىجىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلىقى ۋە قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان ئۆزۈن مۇددەتلىك مېيىپلىقنى ئازايتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى بالدۇرراق ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. چوڭ مېڭىگە بىۋاسىتە يەتكۈزۈلگەن دورىلار؛ دوختۇرلار يوتىدىكى ئارتېرىيە ئارقىلىق ئۇزۇن، نېپىز نەيچە (كاتېتېر) قىستۇرۇپ مېڭىگە ئۇلاپ، سەكتە يۈزبەرگەن جايىدا بىۋاسىتە tPA يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ داۋالاشنىڭ ۋاقىت كۆزنىكى ئوكۇل قىلىنغان tPA غا قارىغاندا بىرئاز ئۇزۇن، ئەمما يەنىلا چەكلىك بولىدۇ.

2. قان نوكچىسىنى تارتىپ ئېلىۋېتىش؛ دوختۇرلار (catheter) ئىنچىكە نەيچىگە چاپلانغان ئۈسكۈننى ئىشلىتىپ، مېڭىدىكى توسۇلۇپ قالغان قان تومۇردىكى قان نوكچىسنى بىۋاسىتە ئېلىۋېتەلەيدۇ. بۇ جەريان

tPA بىلەن تولۇق ئېرىپ كېتەلمەيدىغان چوڭ قان نوكچىسى بار كىشىلەرگە ئالاھىدە پايدىلىق، ھەم ئىمئوكۇل قىلىنغان tPA بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ [14,15].

باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى:

باشقا سەكتە ياكى ۋاقتلىق قان يېتىشمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ، دوختۇرلار تارىيىپ كەتكەن ئارتېرىيەنى ئېچىش ئۇسۇلىنى تەۋسىيە قىلىشى مۇمكىن ، ئەھۋالغا ئاساسەن تاللاشلار ئوخشىمايدۇ ، ئەمما تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. بويۇن قان تومۇرنى ئېچىش: بويۇن قان تومۇرلىرى بويۇننىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ مېڭىپ، مېڭىنى قان بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئوپېراتسىيە يۈرەك قان تومۇرنى توسىدىغان قان نوكچىسىنى(Thrombus) چىقىرىپ تاشلاپ، قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان سەكتە خەۋپىنى تۆۋەنلىتىشى مۇمكىن.

2. ئانگىيئوپلاستىئوتىيەك : ئانگىيئوپلاستىكىدا، تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى پۇت ياكى قولدىكى ئارتېرىيە ئارقىلىق يۈرەك قان تومۇرغا(catheter) ئىنچىكە نەيچىنى سالىدۇ. ئاندىن شارنى تولدۇرۇپ، تار تومۇرنى كېڭەيتىدۇ. ئاندىن كېيىن تىرەك ئورنىتىپ، ئېچىلغان ئارتېرىيەنى قوللايدۇ.

قاناش خاراكتېرلىك سەكتە: قاناش خاراكتېرلىك سەكتىنى جىددىي داۋالاشتا قاننى كونترول قىلىش ۋە مېڭىدىكى ئارتۇقچە سۇيۇقلۇق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بېسىمنى ئازايتىش ئاساس قىلىنىدۇ. داۋالاش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى؛ ئەگەر قان قېتىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قاننى شالاڭلىتىش دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىۋاتقان بىمارلار بولسا، دورىنى دەرھال توختىتىش كېرەك. ئاندىن چوڭ مېڭىدىكى بېسىمنى تۆۋەنلىتىدىغان، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدىغان ، قان تومۇرلارنىڭ تارتىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە تۇتقاقلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلار بېرىلىدۇ.

• ئوپېراتسىيە؛ ئەگەر قان چىقىش دائىرىسى چوڭ بولسا ، دوختۇر ئوپېراتسىيە بىلەن قاننى چىقىرىپ، مېڭىنىڭ بېسىمنى يەڭگىللىتىدۇ. ئوپېراتسىيە يەنە قاناش خاراكتېرلىك سەكتە بىلەن مۇناسىۋەتلىك قان تومۇر مەسىلىلىرىنى ئوڭشاشقا ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. سەكتە ياكى قان ئازلىق ، ئارتېرىيە قان تومۇر ئۆسمىسى ياكى باشقا قان تومۇر مەسىلىسى قاناش خاراكتېرلىك سەكتەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا:

• ئوپېراتسىيىلىك ئارتېرىيە قان تومۇر ئۆسمىسىنى قىسىش: تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئارتېرىيە قان تومۇر ئۆسمىسىنى قىسىپ، ئۇنىڭدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى توسىدۇ. بۇ قىسقۇچ قان تومۇرنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنالايدۇ، ياكى ئۇ يېقىندا يۈز بەرگەن قاناشنى توختىتىدۇ.

• بوغۇش (Coiling)؛ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى پۇت ياكى قولدىكى ئارتېرىيەگە كىرگۈزۈلگەن ۋە مېڭىگە يېتەكلەنگەن (catheter) ئىنچىكە نەيچىنى ئىشلىتىپ، كىچىككىنە ئايرىغلى بولىدىغان ماتېرىياللارنى قان تومۇر ئۆسمىسىگە قويۇپ، ئۇنى تولدۇرىدۇ.

• ئوپېراتسىيىلىك مېڭە قان تومۇردىكى غەيرىلىك (Arteriovenous Malformation - AVM) نى ئېلىۋېتىش؛ ئەگەر مېڭىنىڭ قولايلىق يېرىگە جايلاشقان بولسا، كىچىكرەك AVM نى ئېلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ يېرىلىش خەۋپىنى تۈگىتىپ، قاناش خاراكتېرلىك سەكتە بولۇش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئەمما، ئەگەر AVM نىڭ ئورنى چوڭقۇر بولسا، ھەمىشە AVM نى ئېلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. چوڭ AVM نى ئېلىۋېتىش چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىغا بەك چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

• ستېرېئوئاكتىپلىق رادىئوئاكتىپلىق ئوپېراتسىيە؛ يۇقىرى فوكۇسلانغان رادىياتسىيەنىڭ كۆپ خىل

نۇرلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ستېرېئوتاكتىپلىق رادىيوتاكتىپلىق ئوپېراتسىيە قان تومۇرنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قوللىنىلغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تاجاۋۇز قىلىش ئۇسۇلى [14،15].

- ئادەتتە بۇنداق كېسەللەرگە نىسبەتەن داۋالاش ئېلىپ بارغاندا، (ICP - Increased Intracranial Pressure) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇسكۇنە قوللىنىلىدۇ . بۇ ئۇسكۇنە ئارقىلىق مېڭىگە نەيچە كىرگۈزۈلۈپ، مېڭىدىكى قان ئۇيۇشمىلىرى سۈيۇقلاندۇرۇلۇپ تارتىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن مۇرەككەپ بىر جەريان، بۇ ئوپېراتسىيە جەريانىدا قان ئۇيۇشمىلىرى نەيچىدە توسۇلۇپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. مېڭىدىكى قان ئۇيۇشمىسىنى تارتىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، قان ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنى كاۋاكچە بولۇپ شەكىللىنىپ، ئورنىغا سۇ يىغىلىۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ خىل ئەھۋالدا يىغىلىۋالغان سۇمۇ يوقۇلۇپ مېڭە ئەسلى ھالىتىگە قايتىشى كېرەك.

### 6. مېڭىنى قوغداش

مېڭە خۇددى بىر خالتىغا ئوخشايدۇ، ئۇ بېشىمىزدىكى ئۇستىخان تەرىپىدىن قوغدىلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇستىخان بىلەن مېڭە ئارىسىدا بىر خىل سۇيۇقلۇق بار بولۇپ (مېڭە يۇلۇن سۇيۇقلۇقى)، مېڭىنى قوغداپ تۇرىدۇ. باشنىڭ قاتتىق سىلكىنىش ۋە ياكى باش ئىچىدە مېڭە تۇقۇلمىلىرىغا چۈشۈدىغان بېسىملار مېڭىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۈرەكمۇ بەدەندىكى كۆچلۈك ئۇستىخاندىن بىرى بولغان كۆكرەك سۆڭىكى (تۆش) تەرىپىدىن قوغدىلىپ تۇرىدۇ، بۇ خۇددى يۈرەكنى قوغداۋاتقان قالقانغا ئوخشايدۇ. يۇقىرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنساننى ياراتقان ئاللاھ، بۇ ئىككى مۇھىم ئەزايىمىزنى مانا مۇشۇنداق ئۇستىلىق بىلەن بەدىنىمىزگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ئىككى ئەزانى چوقۇم ياخشى قوغداش كېرەك. بولۇپمۇ، كىچىك بالىلاردا بۇ ئەزالار تېخى يېتىلىۋاتقان، قوغدىغۇچى سۆڭەكلەر تېخى قاتمىغان بولغاچقا، تېخىمۇ دىققەت قىلىنىشى كېرەك. ھەتتا، كىچىك بالىلارنىڭ بېشىغا قالپاق كىيگۈزۈش، ھەرگىزمۇ سىلكىمەسلىك، بېشىنىڭ زەخمىلىنىشىدىن ساقلىنىش كېرەك .

مېڭىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئارىسىدا چوڭ پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، چوشقىنىڭ بەدىنى گەرچە ئىنتتىن چوڭ بولسىمۇ، مېڭىسى ئىنتايىن كىچىك بولىدىكەن. ئىتنىڭ مېڭىسى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە توغرا كېلىدىكەن. مېڭىگە قان چۈشۈش توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردا، ئادەتتە ئىت تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسىگە سۇنئىي قان چۈشۈرۈپ، ئۇنى ھەرخىل ئەسۋابلار بىلەن تەكشۈرىدۇ .

مېڭە تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك مېڭىدە قان ئۇيۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ جىق كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل قان ئۇيۇشمىلىرى مېڭىنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ (يەنى مېڭە ئىچىدىكى قان بۇزۇلۇپ چۈرۈشقا باشلايدۇ). مەسىلەن، ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى ئويلىساقمۇ، يۈرەك ھەرىكىتى توختاپ بەدەندە قان ئايلىنىش داۋاملىشالمىغاندا، قاننىڭ چۈرۈشى بىلەن، ۋىرۇس ۋە باكتېرىيەلەر بەدىنىمىزنى قاپلاپ، ئاخىرىدا پۈتۈن بەدەننىڭ چۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېڭىگە قان چۈشكەندە، مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىشى بىلەن، مېڭىدىكى نۇرغۇن ھۈجەيرىلەر ئېھتىياجلىق ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇققا ئېرىشەلمەي ئۆلۈشكە باشلايدۇ ۋە ياكى مېڭىدە ئىششىشنى پەيدا قىلىدۇ. بىر كىشى مەيلى بېشىنى قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرىۋالسۇن، يىقىلىپ چۈشسۇن ۋە ياكى قانداقلا سەۋەبتىن بولسۇن مېڭىسىگە قان چۈشسە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ھادىسىلەر يۈز بېرىشى، داۋالاش ۋە ئوپېراتسىيە جەريانلىرىدىن ئۆتىشى مۇمكىن. ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قوغداپ تۇرىدىغان مېڭە سۇيۇقلۇقى بولسا ئالاھىدە بىر سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئۇ يۇلۇن ۋە مېڭىنى زەخمىلىنىشتىن قوغداپلا قالماستىن، بەلكى مېڭىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش ۋە

مېڭىنى زۆرۈر بولغان هورمۇنلار بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئوينايدۇ۞

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. WHO | The Atlas of Heart Disease and Stroke. *WHO* (2010).

2. Thom, T. et al. Heart disease and stroke statistics - 2006 Update: A report from the American Heart Association Statistics Committee and Stroke Statistics Subcommittee. *Circulation* **113** (2006)

3. Ischemic Stroke: Practice Essentials, Background, Anatomy.

4. Subarachnoid Hemorrhage: Practice Essentials, Background, Pathophysiology.

5. Cerebrovascular disease among Chinese populations--recent epidemiological and neuroimaging studies | *HKMJ*.

6. Hacke, W. European Stroke Initiative Recommendations for Stroke Management-Update 2003 The European Stroke Initiative Executive Committee and the EUSI Writing Committee. *Cerebrovasc Dis* **16**, 311–337 (2003).

7. Sacco, R. L. et al. Risk factors. *Stroke* **28**، 1507–1517 (Lippincott Williams and Wilkins, 1997).

8. Feigin, V. L. et al. Risk factors for subarachnoid hemorrhage: An updated systematic review of epidemiological studies. *Stroke* **36**، 2773–2780 (2005).

9. Krishnatry, R. et al. Clinical and treatment factors determining long-term outcomes for adult survivors of childhood low-grade glioma: A population-based study. *Cancer* **122**, 1261–1269 (2016).

10. Liebelt, B. et al. Epithelioid glioblastoma presenting as massive intracerebral hemorrhage: Case report and review of the literature. *Surg. Neurol. Int.* **6**, S97–S100 (2015).

11. Organization, W. H. The atlas of heart disease and stroke / Judith Mackay and George Mensah; with Shanthi Mendis and Kurt Greenland.

12. Yew, K. S. & Cheng, E. M. Diagnosis of acute stroke. *Am. Fam. Physician,* **91**, 528–536 (2015).

13. Saver, J. L. Time is brain - Quantified. *Stroke* **37** 263–266 (2006).

14. Campbell, B. C. V. & Khatri, P. Stroke. *The Lancet* **396** 129–142 (2020).

15. Barthels, D. & Das, H. Current advances in ischemic stroke research and therapies. *Biochimica et Biophysica Acta - Molecular Basis of Disease* **1866,** 165260 (2020).


## ئاپتورلار:


مەمەتجان ياسىن: PhD., P.Eng. تورونتو خانىش مارگارېت راك كېسەللىرى مەركىزى مېڭە راكى تەتقىقاتچىسى. (ymamatjan@gmail.com)

هۆرمىرە سالىھ: MD.بوستون بەيت ئىسرائىلىيە دىئاكونېس دوختۇرخانىسىنىڭ كلىنىكىلىق تەتقىقاتچىسى.

# دىئابېت كېسلى ۋە ئۇنى داۋالاش يۆزلىنىشى

مەمەت ئىمىن

دىئابېت كېسلى، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا، بولۇپمۇ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە ئىقتىسادى تەرەققى قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئەڭ تېز كۆپىيىۋاتقان بىر كېسەل بولۇپ، ئۇ ئۈزلۈكسىز داۋالاپ كونترول قىلىش مۇمكىن بولغان، بىراق ئۈزۈل كېسىل داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىن بولمىغان ئاستا خاراكتېرلىك بىر كېسەللىك. ھازىر پۈتۈن دۇنيادا 500 مىلىيونغا يېقىن ئىنسان دىئابېت كېسىلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇنى داۋالاشتا، بىمار بىر ئۆمۈر تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش، دورا بىلەن قاندىكى شېكەر ماددىسىنى تەۋەنلىتىش ۋە بەدەندە كەم بولغان ئىنسۇلىننى تولۇقلاپ تۇرۇش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىنسانلارغا نۇرغۇنلىغان قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن تەتقىقاتچىلار بۇ كېسەلنىڭ يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئارال ھۈجەيرىسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق دىئابېت كېسىلىنى داۋالاشتا دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشمەكتە.

## دىئابېت كېسلى قانداق كېسەل؟

دىئابېت كېسلى دېگىنىمىز ئەڭ ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا بەدەندىكى شېكەر ماددىسى پارچىلىنىپ، مۇسكۇل قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەزالار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشى توسالغۇغا ئۇچراش سەۋەبىدىن، قاندىكى شېكەر ماددىسى يۇقىرىلاپ كېتىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان كېسەللىك ۋە ئۇنىڭ بىر توپ ئەگەشمە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

دىئابېت كېسلى ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ئىنسۇلىن ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. دىئابېت كېسىلىنىڭ بىرىنچى تۈرى ئىنسۇلىنغا تايىنىدىغان دىئابېت كېسلى ياكى 1-تۈردىكى دىئابېت كېسلى بولۇپ، بۇ تۈردىكى دىئابېت كېسلى باللاردا ياكى ياشلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ئىنسۇلىن كەم بولىدۇ، يەنى بۇ خىلدىكى دىئابېت كېسىلگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ ئاشقازان ئاستى بېزى ئىنسۇلىن ئىشلەپچىقرالمايدۇ ياكى يېتەرلىك ئىشلەپچىقرالمايدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي (ئوكۇل ئارقىلىق بېرىلگەن) ئىنسۇلىنغا تايىنىپ ياشايدۇ.

دىئابېت كېسىلىنىڭ ئىككىنچى تۈرى چوڭلار دىئابېت كېسلى ياكى 2- تۈردىكى دىئابېت كېسلى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ تۈردىكى دىئابېت كېسلى چوڭلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىلدىكى دىئابېت كېسلگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ بەدىنىدە ئىشلەپچىقارغان ئىنسۇلىن مىقدارى يېتەرلىك ياكى ئازراق كەم بولسىمۇ بىراق بەدەننىڭ ئىنسۇلىنغا بولغان قارشىلىقى تۈپەيلىدىن، بەدەندىكى ئىنسۇلىننىڭ خىزمىتى ئۈنۈملۈك بولمايدۇ. يەنى گەرچە بەدەندىكى ئىنسۇلىن بەك كەم بولمىسىمۇ، بىراق ئىنسۇلىننىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبىدىن، بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ بەدەن تېخىمۇ كۆپ ئىنسۇلىنغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

چوڭلاردا بولىدىغان دىئابېت كېسىلىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 2-تۈردىكى دىئابېت كېسلى بولۇپ، 2-تۈردىكى دىئابېت كېسلى پۈتۈن دىئابېت كېسىلىنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى، باللار ۋە ياشلار ئارىسىدىكى سېمىزلىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىشىش ئەھۋالىغا

ئەگىشىپ، 2-تۈردىكى دىئابېت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ يېشى كۈنسايىن ياشلىشىپ بارماقتا.

## ئىنسۇلىننىڭ (Insulin) خىزمىتى

ئادەتتە بىز ئىستېمال قىلغان يېمەكلىك ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە ھەزىم بولۇپ، قان ئايلىنىش ئارقىلىق جىگەرگە بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە پارچىلىنىپ گلۇكوزىغا يەنى بىز نورمالدا دەۋاتقان شېكەرگە ئايلىنىدۇ. شېكەر، سۇدا ئېرىيدىغان كاربون سۇ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن تەمى تاتلىق بولغان ئورگانىك ماددىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئاددى ياكى تاق شېكەر، قوش ياكى جۈپ شېكەر، ۋە كۆپ شېكەر ياكى مۇرەككەپ شېكەر دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. گلۇكوزا تاق ياكى ئاددى شېكەر بولۇپ، قالغان شېكەرلەر پارچىلانغاندىن كېيىن تاق شېكەرگە يەنى گلۇكوزىغا ئايلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن گلۇكوزا يەنە قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاندىكى گلۇكوزىنىڭ مىقدارى ئاشىدۇ. قاندىكى گلۇكوزا مىقدارىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئاشقازان ئاستى بېزىدىكى بېتا ھۈجەيرىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە ھۈجەيرىلەر يېتەرلىك مىقداردا ئىنسۇلىن ئاجرىتىپ چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئىنسۇلىن گلۇكوزىنى بەدەندىكى مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرى قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە پارچىلايدىغان بىر خىل ھورمون بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدىن، قاندىكى گلۇكوزا مۇسكۇل ھۈجەيرىسىگە كىرىپ، شۇ يەردە ساقلىنىدۇ ۋە مۇسكۇلنىڭ ھەركەت قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەگەر بەدىنىمىز ئىنسۇلىن ئىشلەپچىقارمىغاندا، ياكى ئىشلەپچىقارغان ئىنسۇلىن يېتەرلىك بولمىغاندا ۋە ياكى بەدىنىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىنسۇلىن ئۈنۈملۈك خىزمەت ئۆتىيەلمىگەندە، گلۇكوزا مۇسكۇلغا كىرەلمەيدۇ، يەنى بەدىنىمىز قاندىكى شېكەر ياكى گلۇكوزىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاندىكى شېكەر ماددىسىنىڭ ياكى گلۇكوزىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىپ، سۈيدۈك ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەل شېكەر سىيىش ياكى قەنت سىيىش كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

دىئابېت كېسىلىنى بولۇپمۇ ئىككىنچى تۈرى چوڭلار دىئابېت كېسىلىنى داۋالاشتا، تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، بەدەن ئېغىرلىقىنى كونترول قىلىش، قاندىكى شېكەر ماددىسىنى تۆۋەنلىتىدىغان دورىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بەدەنىنىڭ ئىنسۇلىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ياكى بەدەنىنىڭ ئىنسۇلىنغا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى بولغان ئەھۋالدا، بولۇپمۇ بىرىنچى تۈردىكى دىئابېت كېسىلىنى داۋالاشتا، يۇقارقى داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا چوقۇم ئىنسۇلىن بىلەن داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىنسان كۈنگە ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەنلىكى ۋە ئىنسۇلىن بەدەندە ئۇزۇن مۇددەت ساقلانمايدىغان بولغاچقا، كۆپلىگەن بىمارلارغا نىسبەتەن دىئابېت كېسىلىنى ئۈزلۈكسىز ئىنسۇلىن بىلەن داۋالاپ تۇرۇش بەكلا قولايسىز. دىئابېت كېسىلىنى داۋالاشتىكى بۇ قولايسىزلىقلارنى ئۈزۈل كېسىل ھەل قىلىپ، دىئابېت كېسىلىگە ئۈنۈملۈك بىر داۋا تېپىش ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار قازا قىلغان ئىنسانلارنىڭ ئاشقازان ئاستى بېزىدىن ئىنسۇلىن ئىشلەپچىقىرىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان بېتا ھۈجەيرە توپلىمى (ئارال ھۈجەيرىسى) نى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنى دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارغا يۆتكەش (ئارال ھۈجەيرىسى ئالماشتۇرۇش) ئارقىلىق، بىمارنىڭ بەدىنىدە ئىنسۇلىن ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق دىئابېت كېسىلىنى داۋالاشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

# ئاشقازان ئاستا بېزى ۋە ئارال ھۈجەيرىسى






ئاشقازان ئاستا بېزى، تولۇق فونكسىيەگە ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان مۇستەقىل ئاشقازان ئاستى بېزى بىرلىكىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ھەر بىر مۇستەققىل ئاشقازان ئاستا بېزى بىرلىكى ئاشقازان ئاستا بېزى ئارالى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئارالدىكى ھۈجەيرىلەر ئارال ھۈجەيرىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمىلىيەتتە ئارال ھۈجەيرىسى ئاشقازان ئاستا بېزىنى تۈزگۈچى ئۈچ خىل ھۈجەيرىنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى.



noitatnalpsnart_llec_telsI/ikiw/gro.aidepikiw.ne//:sptth

ئاشقازان ئاستا بېزىدىكى ئارال ھۈجەيرىسى.

ھازىر قوللىنىۋاتقان ئارال ھۈجەيرىسى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرى

- قازا قىلغۇچىنىڭ ئاشقازان ئاستا بېزىدىن ئايرىپ چىققان ئارال ھۈجەيرىسى توپلىمىنى بىمارنىڭ جىگەر ئاساسى كۆك قان تومۇرى ئارقىلىق جىگەرگە ئۇرۇپ كىرگۈزۈش.
- قازا قىلغۇچىنىڭ ئاشقازان ئاستا بېزىدىن ئايرىپ چىققان ئارال ھۈجەيرىسى توپلىمىنى بىمارنىڭ بۆرەك پەردە ئاستىغا ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ كىرگۈزۈش.
- قازا قىلغۇچىنىڭ ئاشقازان ئاستا بېزىدىن ئايرىپ چىققان ئارال ھۈجەيرىسى توپلىمىنى بىمارنىڭ تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ كىرگۈزۈش.

قازا قىلغۇچىنىڭ ئاشقازان ئاستا بېزىدىن ئايرىپ چىققان ئارال ھۈجەيرىسى توپلىمى دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ بەدىنىگە يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىنسۇلىن ئىشلەپچىقىرىپ، بەدەندە كەم بولغان ئىنسۇلىننىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ، قاندىكى شېكەر ماددىسىنىڭ مېتابولىزمىنى نورماللاشتۇرىشى، نەتىجىدە قاندىكى شېكەر مىقدارىنى نورماللاشتۇرۇپ، دىئابېت كېسىلىنى داۋالاش مەقسىتىگە يېتىش مۇمكىن.

پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. Rickels, M. R. et al. Pancreatic Islet Transplantation in Humans: Recent Progress and Future Directions, *Endocr Rev.* **40** 631-668 (2019).

2. Shapiro, A. M. J. et al. Clinical pancreatic islet transplantation, *Nat. Rev. Endocrinol.* **13**, 268-277 (2017).

3. Gamble, A. et al. The journey of islet cell transplantation and future development. *Islets* **10**, 80-94 (2018).



ئاپتور:

تىببى پەنلەر دوكتورى، ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي مەركىزى تەتقىقاتچىسى.

(mmt2005@gmail.com)

# گېن تەھرىرلەشنىڭ دەۋر بۆلگۈچ قورالى

# CRISPR-Cas9

مۇھەممەد ئىبراھىم

ھېكايىمىزنى مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردىن، يەنى 1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئائىلە بىر تۈركۈم ئەدەبىي ۋە پەننىي گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن ھەر بىر يېڭى سانىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ، سۆيۈپ ئوقۇيدىغان «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىدىن باشقا يەنە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ بۇ گېزىتنىڭ ئەدەبىي بېتىدە ئېسىل ئەسەرلەر ئېلان قىلىناتتى. شۇ بەتتە ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان «94 كىچىك گىتلېر» (كىتابنىڭ ئەسلى ئىنگلىزچە ئىسمى The Boys from Brazil يەنى، «بىرازىلىيەلىك بالىلار» بولىدۇ) دېگەن ئىلمىي فانتازىيەلىك تەرجىمە ئەسەر ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئامېرىكىلىق يەھۇدىي يازغۇچى ئىرا لېۋىن تەرىپىدىن 1976-يىلى ئېلان قىلىنغان بۇ داڭلىق ئەسەردە، ناتسىستلارنىڭ «ئەزرائىل» دوختۇرى دەپ نام ئالغان جوزېف مېنگېلىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىرازىلىيەگە قېچىپ يوشۇرۇنغانلىقى ۋە بۇ جەرياندا مەخپىي يوسۇندا پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى 94 ئائىلىدە گىتلېرنىڭ ئىرسىي كۆپەيتمىسى بولغان 94 ئوغۇلنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ناتسىستلار ئىمپېرىيىسىنى قايتا تىرىلدۈرمەكچى بولغانلىقى، ئەمما بۇ پىلاننىڭ ياكوۋ لىبېرمان ئىسىملىك بىر يەھۇدىي «ناتسىست ئوۋلىغۇچى» تەرىپىدىن بەربات قىلىنغانلىقى سۆزلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى بالىلىق قەلبىمنى ئەڭ ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ ماڭا ئەڭ چوڭ تەسىر قىلغىنى بۇ ھېكايىدىكى گىتلېرنىڭ كلون (يەنى ئىرسىي كۆپەيتمە) قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەس بىر فانتازىيە ئىدى. ئەشۇ ۋاقىتتا بۇ خىل بىر ئىلمىي فانتازىيەنىڭ مېنىڭ ئۆمۈر مۇساپەم ئىچىدە ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىدىم.

ئەمما، 1996-يىلىغا كەلگەندە بۇ فانتازىيە دوللىي ئىسىملىك دۇنيا بويىچە تۇنجى كلون قىلىنغان پاقلاننىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندى. شوتلاندىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بۇ كلونلاش سىنىقىنىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق بولغان ئىدى: ئاۋۋال، بىر قوينىڭ تەن ھۈجەيرىسى (somatic cell) دىن ئايرىپ ئېلىنغان ھۈجەيرە يادروسىنى يەنە بىر قوينىڭ يادروسى ئېلىۋېتىلگەن تۇخۇم ھۈجەيرىسى (egg cell) گە كۆچۈرۈش ئارقىلىق بىر دانە شالغۇت ھۈجەيرە (hybrid cell) بەرپا قىلىنىدۇ. ئاندىن بۇ شالغۇت ھۈجەيرىنى تەجرىبىخانىدا سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ھامىلە (embryo) ساغلىق قوينىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە، تۇغۇلغان قوزا ئىرسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ھۈجەيرە يادروسى بىلەن تەمىنلىگەن قوي بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش، يەنى ئۇنىڭ كلونىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ھۈجەيرە يادروسى بىلەن تەمىنلەش كلون قىلىشنىڭ تۈپكى ئاساسى بولىدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈچۈن بىز ئىرسىيەتنىڭ مولېكۇلا ئاساسى بولغان گېن گۇرۇپپىسى (genome) ئۇقۇمى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. گېن گۇرۇپپىسى دېگەن بۇ ئاتالغۇ گېرمانىيەلىك بوتانىكا ئالىمى ھانس ۋىنكلېر (Hans Karl Albert Winkler) تەرىپىدىن 1920-يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ




1-رەسىم: ھۈجەيرە ۋە ئۇنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى سىخېمىسى.

ھۈجەيرىلەرنىڭ يادرو قىسمىغا جايلاشقان، ئىرسىي قانۇنىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان خروموسوما (chromosome) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ. ھەر بىرىمىزنىڭ چىراي تۇرقىمىز ۋە بەدەن قۇرۇلۇشىمىز، بوي ئېگىزلىكىمىز، تېرىمىزنىڭ رەڭگى، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش كۈچىمىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ گېن گورۇپپىمىزغا يېزىلغان ئۇچۇرلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. گېن گورۇپپىسىدىكى خروموسومىنى تۈزگۈچى ئاساسلىق ماددا قوش زەنجىرسىمان شەكىلدىكى DNA[I] ماددىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى تولغانما شەكىلدىكى شوتىغا ئوخشىتىش مۇمكىن (1-رەسىم). بۇ «شوتا»نىڭ بالداقلىرى DNA نىڭ ئاساسىي ھۇل تېشى بولغان، نۇكلېئوتىد (Nucleotide) دەپ ئاتىلىدىغان تۆت دانە بىرىكمىنىڭ بىر-بىرى بىلەن قول باغلىششىدىن تۈزۈلگەن. بۇ 4 دانە ئۆزگىچە بىرىكمىلەر قىسقارتىلىپ C، G، A ۋە T بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئادېنىن (adenine)، گۇئانىن (guanine)، ستوزىن (cytosine) ۋە تىمىن (thymine) لاردىن ئىبارەت. بۇ قول باغلىشىشنىڭ شەرتى شۇكى، «شوتا»نىڭ بىر يان ياغىچى (يەنى يەككە زەنجىر) دىكى A چوقۇم يەنە بىر ياغاچتىكى T بىلەن، شۇنداقلا G چوقۇم C بىلەن باغلىنىشى كېرەك؛ بۇ خىل باغلىنىش ئىشقار جۈپى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر بىر ئىنساننىڭ گېن گورۇپپىسى جەمئىي 3 مىليارد مۇشۇنداق ئىشقار جۈپىدىن، يەنى «شوتا بالدىقى» دىن تەركىب تاپقان. 3 مىليارد ئىشقار جۈپلىرى بەلگىلىك قاتاردا تىزىلغان بولۇپ، بۇلار نۇرغۇن بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ بۆلەكلەرنىڭ ئىچىدە گېنېتىك (ئىرسىي) ئۇچۇر ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بۆلەكلەر بولۇپ بۇلار گېن دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، DNA نىڭ بۇ خىل ئەپچىل قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ ئىرسىيەتنىڭ مولېكۇلا ئاساسى بولۇشىغا شەرت ياراتقان بولۇپ، ھۈجەيرىلەر ئىككىگە بۆلۈنگەندە DNA مولېكۇلىسى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلىدۇ ۋە ھەر بىر يەككە زەنجىر يۇقىرىدىكى نۇكلېئوتىدلارنىڭ جۈپلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئەسلىدىكى DNA مولېكۇلىسىنىڭ كوپىيەسى بولغان ئىككى دانە يېڭى DNA مولېكۇلىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئانا ھۈجەيرىدىكى گېنېتىك ئۇچۇر بالا ھۈجەيرىلەرگە ئۆز ئەينى كۆچۈرۈلىدۇ ۋە ئانا جانلىقلارنىڭ ئىرسىيىتى بالا جانلىقلاردا داۋاملىشىدۇ.

ئەمما، گېنېتىك ئۇچۇرلار كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا، ھەر خىل ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە A, T ۋە C, G دىن ئىبارەت بۇ 4 ھەرپنىڭ تىزىلىش تەرتىپىدە (يەنى گېندا) بەزىدە ھەرپلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قېلىش، بىر ھەرپنىڭ ئورنىنى باشقا ھەرپ ئېلىش ... قا ئوخشاش ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ قالىدىغان بولۇپ، بۇ توساتتىن ئۆزگىرىش (mutation) دەپ ئاتىلىدۇ. توساتتىن ئۆزگىرىش ئىنسانلاردا كۆرۈلىدىغان ھەر خىل ئىرسىي كېسەللىكلەرنىڭ مولېكۇلا ئاساسى بولۇپ، بۇ خىل ئىرسىي كېسەللىكلەرنىڭ

I Deoxyribonucleic Acid، يەنى ئوكسىگېنسىزلانغان رىبونۇكلېئىن [يادرو قەنت] كىسلاتاسى.

ئىنسانلاردىكى ئەڭ مەشھۇر مىساللىرىدىن بىرى «ئورغاقسىمان ھۈجەيرە كېسىلى» (Sickle Cell Disease) دۇر.

«ئورغاقسىمان ھۈجەيرە كېسىلى» ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئىرسىي قان ئازلىق كېسەللىكى بولۇپ، بۇ كېسەل ئادەم بەدىنىدىكى قاننى تەشكىل قىلغۇچى قىزىل قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ نورمال بولغان يۇمىلاق شەكلىدىن ئورغاق شەكلىگە ئۆزگىرىپ قېلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش قىزىل قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە چاپلىشىپ قان تومۇرلاردا تىقىلما پەيدا قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، نەتىجىدە كېسەل كىشىدە چىدىغۇسىز قاتتىق بوغۇم ۋە مۇسكۇللار ئاغرىقى كۆرۈلىدۇ، ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ زەخىملىنىشى يۈز بېرىدۇ، ھەتتا بۇ كېسەل بىلەن تۇغۇلغان باللار كىچىكىدىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

قىزىل قان ھۈجەيرىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق ئاقسىل ھېموگلوبىن ( قىزىل قان ئاقسىلى، Hemoglobin) بولۇپ، بۇ ئاقسىل قىزىل قاننىڭ ئۆپكىدىكى ئوكسىگېننى بەدەنگە توشۇشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. قاننىڭ رەڭگىنىڭ قىزىل بولۇشىمۇ دەل ھېموگلوبىننىڭ ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. «ئورغاقسىمان ھۈجەيرە كېسىلى» گە گىرىپتار بولغان كىشىلەردە، ھېموگلوبىننى كودلىغۇچى گېن (HBB) نىڭ تەركىبىدىكى 17-ئورۇندىكى بىر دانە نۇكلېئوتىد نورمال ئىنسانلاردىكى A دىن T غا ئالمىشىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىشلەپ چىقىرىلغان ھېموگلوبىندىكى بىر دانە نورمال ئامىنو كىسلاتاسى بولغان گلۇتامات (glutamate) نىڭ ئورنىنى ۋالىن (valine) ئېلىپ، ھېموگلوبىننىڭ زەنجىرسىمان بىرىكمە ماددا ھالىتىگە ئۆزگىرىپ، ئاخىرىدا قىزىل قان ھۈجەيرىسىنىڭ ئورغاقسىمان شەكلىگە كىرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، ئىنسانلاردىكى بۇ ئېچىنىشلىق كېسەل ئادەم بەدىنىدىكى ئۈچ مىليارد ئىشقار جۈپىدىن پەقەت بىرىنىڭلا خاتا بولۇپ قېلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ.

بۇ كېسەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق تەرەققىيات تارىخى بار بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بەزگەك (مالارىيە دەپمۇ ئاتايدۇ) كېسىلىگە قارشى ئىرسىيەتلىك (گېنېتىك) تاللىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىلىدۇ. بۇ كېسەل شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇ يەرلەردە بەزگەك كېسىلى كەڭ تارقالغان. ئەمما، «ئورغاقسىمان ھۈجەيرە كېسىلى» گە گىرىپتار بولغان كىشى بەزگەك كېسىلى بولمايدۇ.

«ئورغاقسىمان ھۈجەيرە كېسىلى» ئىنسانلاردىكى باشقا ئىرسىي كېسەللىكلەرگە ئوخشاشلا تېخى مۇشۇ يېقىنغىچە ساقايتىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر كېسەل دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما، كەشىپ قىلىنغىلى تېخى 10 يىل بولمىغان CRISPR («كرىسپر» دەپ ئوقۇلىدۇ) گېن گۇرۇپپىسى تەھرىرلەش ئۇسۇلى (CRISPR genome editing) دىن ئىبارەت ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىر خىل يېڭى تېخنىكا بۇ خىل قاراشقا خاتىمە بېرىپ، ئىرسىي كېسەللىكلەرنى پۈتۈنلەي ساقايتىشقا داغدام يول ئېچىپ بەردى. بۇ گېن تەھرىرلەش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلغان ئامېرىكىلىق جېننىفېر دۇدنا (Jennifer Anne Doudna) بىلەن فرانسىيەلىك ئەممانۇئېل چارپەنتىئېر (Emmanuelle Marie Charpentier) دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئايال تەتقىقاتچىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە 2020-يىللىق نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئەمدى بىز ماقالىمىزنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولغان CRISPR گېن گۇرۇپپىسى تەھرىرلەش ئۇسۇلىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى ھەققىدە توختىلىمىز.

CRISPR بولسا ئىنگلىزچە Clustered Regularly Interspaced Short Palindromic Repeats دېگەن




2-رەسىم: باكتېرىيەنىڭ CRISPR سىستېمىسى ئارقىلىق ۋىرۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىنىڭ سخېمىسى.

سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تۈپلاشقان، قەرەللىك ھالدا ئارىلىق قالدۇرۇلغان، قىسقا پالىندرومىك تەكرارلانما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (بۇ يەردىكى پالىندرومىك بولسا «ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوقۇسا ئوقۇلۇشى ئوخشاش بولغان DNA تەرتىپى» دېگەن مەنىدە. مەسىلەن، ئۇيغۇرچىدىكى ئاتا، ئانا ۋە قالاق دېگەن سۆزلەر پالىندرومىك سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ) بۇ ئاتالغۇ ئىسپانىيەلىك بىئولوگىيە ئالىمى فرانسىسكو موخىكا (Francisco Juan Martinez Mojica) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. موخىكا 1993-يىلى دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە مۇتلەق كۆپ قىسىم باكتېرىيەلەرنىڭ گېن گۇرۇپپىسىدا ئالاھىدە بىرخىل تۈزۈلۈشنىڭ بارلىقىنى بايقىغان، يەنى، ئۇلارنىڭ DNA سىدىكى بىر گۇرۇپپا تەكرارلانما پالىندرومىك تەرتىپلەر بەزى قىسقا بولغان قىستۇرمىلار ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەن (2-رەسىم، قىزىل كاتەكچە بىلەن كۆرسىتىلگەن بۆلەك). موخىكا يەنە باكتېرىيەنىڭ CRISPRى تەركىبىدىكى قىستۇرما DNA لارنىڭ تەرتىپىنىڭ باكتېرىيەلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان بەزى ۋىرۇسلارنىڭ DNA تەرتىپىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇندىن كېيىن، 2020-يىللىق نوبېل خىمىيە مۇكاپاتى ساھىبلىرى بولغان فىرانسىيەلىك ئەممانۇئېل چارپەنتىئېر ۋە ئامېرىكىلىق جېننىفېر دۇدنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى نەتىجىسىدە، CRISPR نىڭ بۇ خىل ئالاھىدە تۈزۈلمىسى باكتېرىيەلەرنىڭ ۋىرۇسقا قارشى مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدە بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى: ھەر قېتىم باكتېرىيە ۋىرۇسنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ۋىرۇسنىڭ بىر قىسىم DNA سى ھۇجۇمدىن ساق قالغان باكتېرىيە DNA سى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ، CRISPR DNA بۆلىكىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن، CRISPR نىڭ DNA تەرتىپى باكتېرىيەنىڭ RNA سى (Ribonucleic Acid يەنى، رىبونۇكلېئىن [يادرو قەنت] كىسلاتاسى) تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ (نۇسخىلىنىپ) ۋە پارچىلىنىپ نۇرغۇنلىغان قىسقا CRISPR-RNA لىرى ھاسىل قىلىنىدىغان بولۇپ، ھەر بىر قىسقا CRISPR-RNA نىڭ تەركىبىدە پەقەت بىر دانە ۋىرۇس DNA قىستۇرمىسى ۋە تەكرارلانغان تەرتىپ بولىدۇ، شۇنداقلا ھەر بىر CRISPR-RNA بىر دانە Cas («كەس» دەپ ئوقۇلىدۇ) ئاقسىلى (CRISPR-Associated Protein يەنى، CRISPR بىلەن باغلانغان ئاقسىل) بىلەن بىرىكمە تۈزىدۇ. باكتېرىيە ۋىرۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا قايتا ئۇچرىغان ئەھۋالدا، ئەگەر ۋىرۇسنىڭ DNA تەرتىپى CRISPR-RNA ۋە Cas ئاقسىلى بىرىكمىسىدىكى RNA نىڭ تەرتىپىگە ماس كەلسە، ئۇ ۋاقىتتا Cas ئاقسىلى گېنېتىك قايچىلىق رولىنى ئويناپ ۋىرۇسنىڭ قوش زەنجىرلىك DNA سىنى كېسىپ تاشلايدۇ ۋە نەتىجىدە ۋىرۇسنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلىدۇ (2-رەسىم، 4-2).

شۇنداق قىلىپ، 2010-يىللارغا كەلگەندە، باكتېرىيەلەرنىڭ ۋىرۇسلاردىن مۇداپىئەلىنىشتىكى CRISPR سىستېمىسى مېخانىزمى ئاساسەن ئايدىڭلاشقان ئىدى. ئۇنداقتا، ئەممانۇئېل چارپەنتىئېر ۋە جېننىفېر دۇدنانىڭ CRISPR جەھەتتە قوشقان ھەل قىلغۇچ تۆھپىسى زادى قانداق ئىدى؟ ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ CRISPR نى گېن ئۆزگەرتىشنىڭ بىر ئۇنىۋېرسال قورالى قىلىپ لايىھىلەپ چىققىنىدىن ئىبارەت ئىدى.

جېننىفېر بىلەن ئەممانۇئېلنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەمكارلىقى 2011-يىلى پورتورىكودا ئۆتكۈزۈلگەن بىر خەلقارا مىكروبىئولوگىيە يىغىنىدا تۇنجى كۆرۈشكەن ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى CRISPR تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە بىر-بىرىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى بىلەن تونۇشلۇقى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار شۇ ۋاقىتقىچە تېخى يۈز-تۇرانە كۆرۈشۈپ باقمىغان ئىدى. ئەممانۇئېلنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقىنى *c. pyogenesis* دېيىلىدىغان بىر خىل باكتېرىيەنىڭ CRISPR سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ شۇ يىلى بۇ باكتېرىيەنىڭ CRISPR گېنېتىك قايچا سىستېمىسىدا CRISPR-RNA سى ۋە Cas9 ئاقسىلىدىن باشقا، يەنە بىر خىل tracrRNA دەپ ئاتىلىدىغان RNA نىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ، ئەمما ئۇ بۇ يېڭى RNA نىڭ ھەقىقىي رولىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى ئايدىڭلاشتۇرالمىغان ئىدى.

بۇ كۆرۈنۈشتە ئىككىيلەن CRISPR-RNA-Cas9 ئاقسىلى بىرىكمىسىدىكى Cas9 ئاقسىلىنىڭ تۈزۈلىشى ۋە tracrRNA نىڭ رولى ھەققىدە بىرلىكتە تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ھەققىدە بىر قارارغا كېلىدۇ ۋە يىغىندىن يېنىپلا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى دەرھال باشلىۋېتىدۇ.

ئۇلار دەسلەپتە بىرئاز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇنغا قالماي tracrRNA نىڭ ھەقىقىي رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ: يەنى، c. pyogenesis باكتېرىيەسىنىڭ قايچا سىستېمىسى ئۈچۈن tracrRNA كەم بولسا بولمايدىغان بولۇپ، پەقەت tracrRNA بىلەن CRISPR-RNA ۋە Cas9 ئاقسىلىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ماددا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغاندىلا ئاندىن ۋىرۇس DNA سىنىڭ قايچىلىنىپ تاشلىنىدىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ (2-رەسىم، 4) ئەمما تەتقىقاتچىلار بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. ئاۋۋال ئۇلار tracrRNA بىلەن CRISPR-RNA نى بىرىكتۈرۈپ بىر دانە كىمېرالىق (chimeric، يەنى ئوخشىمىغان بىر قانچە RNA نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن دېگەن مەنىدە) RNA نى ياساپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى «يېتەكچى RNA، يەنى Single-guide RNA» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار بۇ يېڭى كىمېرالىق RNA نىڭمۇ ئايرىم RNA لارغا ئوخشاشلا Cas9 ئاقسىلى بىلەن بىرلىكتە ۋىرۇس DNA سىدىكى ماس كەلگەن بۆلەكچىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كېسىپ تاشلايدىغانلىقىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تۆۋەندىكى ھەل قىلغۇچ تەجرىبىنى ئېلىپ بارىدۇ: يەنى، ئۇلار بۇ سىستېمىنىڭ ۋىرۇس DNA سىدىن باشقىمۇ ھەرقانداق DNA لارنى قايچىلاش رولى بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن يېتەكچى RNA نىڭ تەركىبىدىكى CRISPR-RNA سىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدىكى ۋىرۇس RNAسىنى يەنە بىر خىل RNA غا، يەنى يېشىل نۇر چاچقۇچى ئاقسىل (Green Fluorescent Protein) نىڭ گېنى بولغان DNA نىڭ 20 خەتلىك رايونىغا ماس كېلىدىغان 20 خەتلىك RNA غا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار بۇ ئۆزگەرتىلگەن يېتەكچى RNA ۋە Cas9 ئاقسىلىنى ھۈجەيرە ئۆستۈرۈش قاچىسىدا يېشىل نۇر چاچقۇچى ئاقسىلنىڭ DNA سى بىلەن ئارىلاشتۇرغاندا نەتىجە دەل ئۇلار كۈتكەندەك بولىدۇ: بۇ سىستېما يېشىل نۇر چاچقۇچى ئاقسىلنىڭ DNA سىنى دەل پىلانلىغان يەردىن قايچىلاپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تەجرىبىسى CRISPR تېخنىكىسىنىڭ گېن تەھرىرلەشنىڭ ئۇنىۋېرسال بىر قورالى بولىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان ئىدى. يەنى، بۇ تېخنىكا بىزنىڭ خالىغان نىشان قىلىنغان گېنغا ماس كېلىدىغان يېتەكچى RNA نى لايىھەلەش ئارقىلىق ئۇ گېننى بىر قەدەر ئاسانلىق ۋە يۇقىرى توغرىلىق بىلەن قايچىلاپ تاشلىشىمىزغا يول ئېچىپ بەرگەن ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، قايچىلاپ تاشلانغان DNA بۆلىكى ھۈجەيرە تەرىپىدىن رېمونت قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، سىرتتىن باشقا ماس كېلىدىغان DNA بۆلىكىنى تەمىنلەش ئارقىلىق، ھۈجەيرىنىڭ خاتاغا مايىل رېمونت قىلىشى (3-رەسىم، A) نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھۈجەيرىنىڭ بۇ سىرتتىن تەمىنلەنگەن DNA بۆلىكىنى (گېننى) ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق گېندا پىلانلىق ھالدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغىلى بولاتتى. (3-رەسىم، B) ئۇلارنىڭ بۇ دەۋر بۆلگۈچ نەتىجىسى 2012-يىلى خەلقئارادىكى ئەڭ داڭلىق تەبىئىي پەن ژۇرنىلىنىڭ بىرى بولغان «ئىلىم-پەن (Science)» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ زور شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ ۋە بۇ نەتىجە جېنىنفېر بىلەن ئەممانۇئەلنىڭ سەككىز يىلدىن كېيىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىگە ئاساس سالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، CRISPR گېن تەھرىرلەش ئۇسۇلى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، 1990-2000-يىللاردا ئىجاد قىلىنغان بىر نەچچە باشقىچە گېن تەھرىرلەش ئۇسۇللىرى بار ئىدى، مەسىلەن، ZFN (يەنى سىنك بارمىقى نۇكلېئىك كىسلاتا ئېنزىمى، Zinc Finger Nuclease) ۋە TALEN (يەنى نۇسخىلاش ئاكتىپلىغۇچىسىغا ئوخشاپ قالىدىغان ئېففېكتور نۇكلېئىك كىسلاتا ئېنزىمى، Transcription Activator-Like Effector Nuclease) قاتارلىقلار بۇنىڭ مىساللىرىدۇر. ئەمما بۇ ئۇسۇللار مۇرەككەپلىكى،




3-رەسىم: CRISPR-Cas9 گېنېتىك تەھرىرلەش ئۇسۇلىنىڭ سخېمىسى.

توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىشچان بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئانچە بازار تاپالمىغان ئىدى. CRISPR گېن تەھرىرلەش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن بۇ تېخنىكا ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقى ۋە گېن نىشانلاش جەھەتتىكى توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولۇشى سەۋەبىدىن گېن تەھرىرلەش ساھەسىدە يېڭى بىر دەۋر ئاچتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا تەتقىقاتچىلار CRISPR-Cas9 تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ چاشقاندىن تارتىپ تاكى ئىنسانلارغىچە بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھاياتلىقلار ھۈجەيرىسىنىڭ گېنىنى تەھرىرلەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە بۇ خىل گېن تەھرىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىرسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا يېڭى بۆسۈشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر مىسالى ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئورغاقسىمان ھۈجەيرە كېسىلىنى گېن تەھرىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىسسىسسىپپى شتاتىدا ئولتۇرۇشلۇق ئورغاقسىمان ھۈجەيرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ۋىكتورىيە گرېي (Victoria Gray) خانىم ئامېرىكىدا تۇنجى بولۇپ بۇ خىل گېن تەھرىرلەش ئۇسۇلىدا داۋالانغان كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋىكتورىيە ئۈچ  ياش ۋاقتىدا بۇ كېسەل بىلەن دىئاگنوز قويۇلغان  بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ھاياتىدا بۇ كېسەلنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتىپ كەلگەن ئىدى. گېنىتىك ئۇسۇلدا داۋالىنىشتىن بۇرۇنقى ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ قاتتىق ئاغرىق سەۋەبىدىن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتە قېتىم جىددىي قۇتقۇزۇشقا بارغان ياكى دوختۇرخانىدا ياتقان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە قەرەللىك قان ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى ۋە كۈچلۈك ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىپ تۇراتتى.

ۋىكتورىيە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل يېڭىچە گېن تەھرىرلەپ داۋالاشنى نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى ئەممانۇئەل قۇرغان CRISPR Therapeutics (يەنى، «CRISPR داۋالاش ئىلمى») دېگەن شىركەت بىلەن خەلقارادىكى چوڭ بىئو دورىگەرلىك شىركىتى بولغان Vertex Pharmaceuticals (يەنى، «Vertex دورىگەرلىكى») قوللىغان بولۇپ، داۋالاشقا ئامېرىكا تېننېسسى شتاتى نەشۋىل شەھىرىدىكى ساراھ كاننون تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدىغان دوختۇر ھەيدەر فرانگول (Haydar Frangoul) مەسئۇل بولغان. ئۇ ۋىكتورىيەنى سىناق تەرىقىسىدە داۋالاشنى 2019-يىلى 7-ئايدا رەسمىي باشلىدى. داۋالاشنىڭ باسقۇچلىرى مۇنداق ئېلىپ بېرىلدى: ئاۋۋال دوختۇرلار ۋىكتورىيەنىڭ ئومۇرتقا يىلىكىدىن  بىر قىسىم غول ھۈجەيرە (stem cells) لەرنى ئايرىپ ئېلىپ، CRISPR گېن تەھرىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، غول ھۈجەيرە DNA سىدىكى ئەسلىدىكى توساقتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ھېموگلوبىن گېنىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نورمال ھېموگلوبىننىڭ گېنىنى سەپلەيدۇ. ئاندىن، بىر نەچچە باسقۇچلۇق خىمىيىلىك داۋالاش ئارقىلىق ۋىكتورىيەنىڭ بەدىنىدىكى كونا يىلىك ھۈجەيرىلىرىنى يوقىتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن گېنى تەھرىرلەنگەن نەچچە مىليارد غول ھۈجەيرىلىرى كۆچۈرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋىكتورىيەنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي كۆزىتىلىدۇ. بۇ داۋالاش باسقۇچى ئېلىپ بېرىلىپ ئالتە ئاي ۋە 12 ئاي ئۆتكەندە ئۇنىڭ يىلىك ھۈجەيرىلىرىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈلۈش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ گېن تەھرىرلەنگەن ھۈجەيرىلىرىنىڭ داۋاملىق ساغلام تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىقلانغان بولۇپ، بۇ ۋىكتورىيەنىڭ بەدىنىدىكى DNA نىڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىكتورىيەدە داۋالاشتىن بۇرۇن كۆرۈلىدىغان قاتتىق ئاغرىقتىن ھېچ بىر ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ئاغرىق توختىتىش دورىسىنى ئىستېمال قىلىشنى پۈتۈنلەي توختاتقان. شۇنداقلا، قان ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئېھتىياج  قالمىغان. ھاياتىدا كېسەللىك سەۋەبىدىن ھەتتا ئايروپىلانغىمۇ ئولتۇرۇپ باقمىغان بۇ ئايال يېقىندا تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بىلەن سەپەر قىلغان. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ۋىكتورىيە ئورغاقسىمان ھۈجەيرە كېسىلىدىن پۈتۈنلەي ساقايغان ئىدى.

دېمەك، CRISPR گېن تەھرىرلەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بۇ دەۋر بۆلگۈچ تېخنىكا دۇنياغا كەلگەن قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە، ئەمەلىي قوللىنىلىش جەھەتتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتتى. بىز يۇقۇرىدا مىسال قىلىپ ئۆتكەن ئىرسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش بۇنىڭ پەقەت بىرلا مىسالى بولۇپ، بۇ تېخنىكا

يەنە يېزا- ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، دورىگەرلىك ۋە مېدىتسىنانىڭ باشقا ھەر قايسى ساھەلىرىگىمۇ كەڭ كۆلەمدە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ يېقىنقى مىساللىرى سۈپىتىدە ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدىغان، ئاسان كۆكىرىپ قالمايدىغان موگۇ، ئاق توزغاق كېسەللىكىگە قارشى بۇغداي ۋە بەزگەك كېسىلىنى ئېلىپ يۈرمەيدىغان پاشا قاتارلىقلارنى ئېيتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. پۈتۈن دۇنيا خەلقى 2020-يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ تارقالغان كورونا ۋىرۇسى (COVID-19) نىڭ مىسلىسىز تالاپىتىگە ئۇچراۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، CRISPR تېخنىكىسى بۇ جەھەتتىمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. يېقىندا نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى جېننىفېر دۇدنانى ئىوز ئىچىگە ئالغان بىر گۇرۇپپا تەتقىقاتچىلار كورونا ۋىرۇسىنى CRISPR تېخنىكىسى ئاساسىدا ئېنىقلايدىغان ئۆزگىچە بىر يېڭى ئۇسۇلنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا قول تېلېفون كامېراسى ئارقىلىق كېسەل ۋىرۇسىنى 5 مىنۇت ئىچىدىلا ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدىكەن۞

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. Doudna, J. A. and Sternberg, S. H. A Crack in Creation: Gene Editing and the Unthinkable Power to Control Evolution (Mariner Books, 2018).

2. Press release: The Nobel Prize in Chemistry 2020.

3. Chemistry World: “How Crispr went from niche to Nobel” (October 15, 2020).

4. Doudna, J. A. The promise and challenge of therapeutic genome editing. *Nature* **578**, 229–236 (2020).

5. NPR News: 1st Patients to Get CRISPR Gene-Editing Treatment Continue to Thrive (December 15, 2020).

6. ئاbbas بۇرھان، «ھاياتلىق قۇرۇلۇشى» (شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000-يىلى 1-نەشرى)

7. خەمت خەكىموۋ، «گېنېتىكا» (شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000-يىلى 1-نەشرى)

## ئاپتور:

خىمىيە پەنلىرى دوكتورى، ھازىر ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق بىر خىمىيەۋى ئانالىز ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىدە مولېكۇلا سپېكتروسكوپىيەسى بويىچە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

(mohammedius@gmail.com)




# تويوتا پەلسەپەسى

مەتمىن ئاتامان

قىسقىچە مەزمۇنى: تويوتانىڭ مۇۋاپپىقىيەتلىرىنىڭ سىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغان نۇرغۇن ماقالە ۋە كىتابلار يېزىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تويوتانى ئەڭ تەپسىلىي تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچىلاردىن جېففرېي ك. لىكېر (Jeffery K. Liker) بۇنى يىغىنچاقلاپ «تويوتا ئۇسۇلى» ياكى «تويوتا يولى» (The Toyota Way) دەپ ئاتىغان. مېنىڭچە، بۇ بىر ئۇسۇل ياكى يول ئەمەس، بەلكى بىر پەلسەپە. چۈنكى تويوتانىڭ بارلىققا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى يالغۇزلا ئاپتوموبىل سانائىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى ۋە ھەتتا باشقا ساھەلەرگىمۇ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى ھەممىگە مەلۇم. ئىشلەپچىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان باشقا ساھەلەردىمۇ تويوتانىڭ ئۇسۇللىرىنىڭ بىزگە كۆپ پايدىسى تېگىدۇ. ماقالىمىزدا، بۇ پەلسەپە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

تويوتانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ياكى پرىنسىپىنى بىر پەلسەپە دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يالغۇز بىر ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ياكى ئادەتتىكى ھالدا سېخلاردىكى خىزمەت كۆرسەتكۈچلىرى ۋە ياكى قائىدە نىزاملار ئەمەس. تويوتانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى، پۈتۈن تويوتانىڭ خىزمەت سۈپىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى تويوتانىڭ رىقابەتچىلىرى بولغان باشقا چوڭ ماركىلارنىڭمۇ ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىشىدا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رولىنى ئوينىغان بولغاچقا، دۇنيادا ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىدە بىر ئىنقىلاب سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. دۇنيا مىقياسىدا مەخسۇس تويوتانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى ۋە پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلغان، تالاي كىتابلارنى يازغان تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. تويوتانىڭ نەتىجىلىرىنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تويوتانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن شىركەتلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، تويوتانىڭ بارلىققا كەلتۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى يىغىنچاقلىغاندا بىر پەلسەپە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، مەن «تويوتا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى» دېيىشنىڭ ئورنىغا «تويوتا پەلسەپەسى» دەپ ئاتاشنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

### ئاپتوموبىل سانائىتىدىكى مۇھىم ئىنقىلابلار

ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ دۇنيادا بۇنچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى ۋە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشكەنلىكىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئاپتوموبىل سانائىتىگە قارىغاندا، تېخىمۇ چوڭ ھەجىمگە ئىگە ۋە تېخىمۇ كۆپ قىممەت يارىتىۋاتقان باشقا سانائەت تۈرلىرىگە قاراپ چىقساق، ئۇلاردا ئاپتوموبىل سانائىتىدىكىدەك بىر سىستېمىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرىنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى ۋە تولىمۇ چەكلىك بىر ساھەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. بۇنىڭغا بىر مىسال سۆپىتىدە، قارامايدىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. بۇ زاۋۇت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ سانائەت بازىلىرىدىن بىرى بولسىمۇ ، ئۆز ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ترانسپورت بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلساق، شەرقىي تۈركىستاندا نېمىشقا سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بولمىغانلىقىنى ۋە ياكى نېمە سەۋەبتىن سانائەت تەرەققىياتىنىڭ تولىمۇ چەكلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مىسالغا ئالغان قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا ئىنشىلەيدىغانلار تەخمىنەن بەش-ئالتە مىڭ ئەتراپىدا. بۇ زاۋۇتقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان، لېكىن خىزمەت رىتىمىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان ترانسپورت شىركىتىنىڭ ھەجمىنى قوشۇپ چىقساقمۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا يەتتە مىڭ كىشىلىك خىزمەت ئورنى بار بولىشى مۇمكىن. بۇنى بىر ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرى بىلەن قىياس قىلساق، ئادەتتە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يۈز مىڭ بولغان بىر ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش (قۇراشتۇرۇش) زاۋۇتىدا جەمئىي تۆت مىڭ كىشى خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يۈز مىڭ بولغان بىر ئاپتوموبىل زاۋۇتى ئوتتۇرا-كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىل زاۋۇتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بىز بىلىدىغان ماركىلاردىكى بىر ئاپتوموبىل زاۋۇتى، يىللىق ئەڭ ئاز بەش يۈز مىڭ ھەجىملىك ۋە ئالتە-يەتتە مىڭ كىشىدىن كۆپرەك خىزمەت ئورنى بار بولغان زاۋۇتلاردۇر. ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن زاپچاسلىرىنى باشقا شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىپ تەمىنلەپ بېرىشى بىلەن ماڭىدىغان بولغاچقا، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاپتوموبىلىنىڭ 80%



تىن كۆپرەك زاپچىسىنى، بۇ زاۋۇت ئۆچۈن ئىشلەيدىغان يەنە باشقا 500-400 ئەتراپىدا باشقا شىركەتلەر تەمىنلەيدۇ. بۇ شىركەتلەرنىڭ ھەربىرىدە 200 دىن 500 گىچە خىزمەتچى خادىم بار دېسەك، ئىككى-ئۈچ يۈز مىڭ كىشى بۇ زاۋۇتتىن چىقىدىغان ئاپتوموبىلغا ئىشلەيدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرى ئەلۋەتتە بۇ يەردە تۈگىمەيدۇ. بۇ شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن كېرەكلىك ئەسۋاب ۋە سايمانلىرىنى ياساپ بېرىدىغان تەخمىنەن 50-10 كىشىلىك ھەجىمگە ئىگە نۇرغۇن شىركەتلەر بار بولىدۇ. بۇ خىلدىكى شىركەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىككىنچى قاتلامدىكى شىركەتلەرگە يېقىن يەرلەرگە جايلاشقان بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ترانسپورت ئىشلىرى بار. ئىككىنچى قاتلامدىكى شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان زاپچاسلارنى ئانا شىركەتكە (ئاپتوموبىل شىركىتى) گە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن مال توشۇيدىغان شىركەتلەر بار. بۇلاردىن باشقا، خەلقئارالىق تىجارەت ئۈچۈن تاموژنا ئىشلىرىنى قىلىدىغان شىركەتلەر، سېتىشتىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە مەسئۇل يەرلەر بولۇپ، يىغىپ كەلگەندە ئىنتايىن چوڭ بىر زەنجىر ياكى ئىشلەپچىقىرىش تورى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاپتوموبىل سانائىتى باشقا سانائەتلەرگە ئوخشىمايدۇ ۋە پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. ئاپتوموبىل سانائىتى كىرزىسقا ئۇچرىدى دېگەنلىك، دۆلەتنىڭ كىرزىس پاتقىقىغا دۇچ كەلگەنلىكىنىڭ كۆرسەتكۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## بىرىنچى ئىنقىلاب - - فورد Ford

تويوتا پەلسەپەسى توغرىسىدا ئېنىقلىما بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا ئاساس سالغان ياكى سەۋەب بولغان باشقا مۇھىم ئىنقىلابلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىزنىڭ تويوتا ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ ۋە كېيىنكى قەدەملەردە قىياسلاش ئارقىلىق، تويوتا پەلسەپەسىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بىر ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ .

## ئاقما لىنىيەلىك ئىشلەپچىقىرىش One Piece Flow

ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېل گېرمانىيەدە ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپتىكى ئاپتوموبىللار ياۋروپادا ياسىلىپ چىققان بولسىمۇ، سىستېمىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامېرىكىدا ئەمەلگە ئاشتى. 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا فورد موتور شىركىتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقارغان بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يېڭى بىر ئىنقىلاب غەلبە قازاندى. بۇ ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىشىنى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

ھېنرى فورد Henry Ford فورد موتور شىركىتىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، قانداق قىلىپ ئاز چىقىم بىلەن كۆپ ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدىغانلىقى توغرىلىق كۆپ ئىزدەندى. بولۇپمۇ، ئاپتوموبىلنىڭ تەننەرخىنىڭ بەك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئوتتۇرا قاتلام كىشىلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ كۆپ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۇنىڭ ئىزدىنىشىنىڭ ئاساسلىق تۈرتكىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن «ھەممەيلەننىڭ بىر ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش قۇربىتى بولۇشى كېرەك، يەنى ئاپتوموبىل قىممەتلىك بىر بويۇم بولماسلىقى كېرەك» ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندى ۋە ئاخىرىدا ئاقما لىنىيەلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى.

ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پرىنسىپى ئۆي سېلىشقا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئالدى بىلەن ئۆيىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ تۆت تامنى قوپۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، باشقا ئىشلار قىلىنىدۇ. پۈتۈپ خىزمەت تۆت تامنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆي پۈتۈپ چىقىدۇ. ئۆينىڭ سۇۋۇقى تۈگىمەي تۇرۇپ، تاملارنى سىرلىغىلى بولمايدۇ. بىر ئاپتوموبىلنى قۇراشتۇرۇپ چىقىش، خۇددى ئۆي ياكى

بىنا سالغاندەك، بىر ئاپتوموبىلنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاپتوموبىل گەۋدىسىنى پۈتتۈرۈش، ئاپتوموبىل گەۋدىسىنى ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا زاپچاسلىرىنى قۇراشتۇرۇپ چىقىش كېرەك ئىدى. بۇنداق بولغاندا، قۇراشتۇرۇش خىزمىتى بىر بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، بەزىدە بىرسى يەنە بىرسىنى ساقلاشقا توغرا كېلىدىغان ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقاتتى. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، بىر ئىشچىنىڭ




ئوخشاش بولمىغان قۇراشتۇرۇش خىزمىتىنى قىلىشىغا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بەزىدە ئوخشاش بىر مەشغۇلات ئوخشاش بولمىغان ئىشچىلارنىڭ قولىدىن چىققان بولاتتى ۋە بۇ سەۋەبلىك سۈپەتتە پەرق كېلىپ چىقاتتى.

هېنرى فورد بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ ۋە ئىزدىنىپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بىر ئىشچىنىڭ بىر مەشغۇلاتنى قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ جەرياندا ئىشچى ھەرىكەت قىلماي، ماشىنا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىشچىلارنىڭ يېرى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئاپتوموبىل بىر لىنىيە ئۈستىدە مەلۇم بىر سۈرئەت بىلەن ئاقىدۇ ۋە ئىشچى ئالدىغا كەلگەن ئاپتوموبىللارغا ئۆزىگە تەقسىملەپ بېرىلگەن زاپچاسنى قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قايسى ئىشچىنىڭ قايسى زاپچاسنى قۇراشتۇرۇشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، خىزمەتنىڭ مۇقىم مېڭىشى كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر خىل ئۇسۇلدا بىر قۇراشتۇرۇش ئىشچىسى بىرلا ئىشنى قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ مەشغۇلاتنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قىلالايدىغان بولىدۇ ۋە ئۈستىلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خىزمەت ئۈنۈمى نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە تەننەرخنىڭ تۆۋەنلىشى كېلىپ چىقىدۇ ۋە بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ باھاسىنىڭ ئەرزانلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

داڭلىق كومېدىيە ئاتىسى ۋە كىنو ئىشلىگۈچى چارلىز چاپلىننىڭ ئاقما لىنىيەلىك ئۇسۇلنى تەنقىد قىلىپ ئىشلىگەن «مودا دەۋرى» ئىسىملىك كىنو بەلكىم بىزنى مەلۇم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن. بۇ كىنودا گەرچە كاپىتالىزمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان «پايدىنى قوغلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەنلىكىدەك» ناھەق ئەھۋالنى تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، ئاقما لىنىيەلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى بويىچە ئېيتقاندا، مۇھىم بىر ئىنقىلاب ۋە مۆۋەپپەقىيەتتۇر .

ھازىر پۈتۈن دۇنيادا پەقەت ئاپتوموبىل كارخانىلىرىلا ئەمەس، باشقا نۇرغۇن زاۋۇت-فابرىكىلار بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۆزىگە تەتبىقلىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاپتوموبىللار، ئۆي ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى بۇنىڭ بىر مىسالى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ھەجمى ئۈچ يۈز مىڭ بولغان بىر ئاپتوموبىل زاۋۇتى بىر كۈندە 1300-1200 ئەتراپىدا ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىدۇ. يەنى ھەر مىنۇتتا بىر ئاپتوموبىل تەييار بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر مىنۇتتا بىر ماشىنىنىڭ قۇراشتۇرۇپ چىقىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى بىر مەشغۇلات

بېكىتىدىكى خىزمەتچىنىڭ ھەر مىنۇتتا بىر ماشىنىغا مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلاتىنى پۈتتۈرگەنلىكىدۇر. ئەلۋەتتە بىر مەشغۇلات بېكىتىدە يالغۇز بىر ئىشچى بولۇشى ناتايىن، بىرنەچچە كىشى بىرلىكتە ئىشلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مۇشۇنداق تېز ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى بارلىققا كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

## ئىككىنچى ئىنقىلاب ـ تويوتا ئىشلەپچىقىرىش پەلسەپەسى

تويوتانىڭ ھېكايىسى فوردنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ياپونىيە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ تۆرتكىسىدە (مۇستەملىكىچىلىككە ئۇرۇنۇش سىياسىتى دېسەكمۇ بولىدۇ) سانائەت ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ياپونىيە سانائىتىنىڭ ئاساسى توقۇمىچىلىق ھېسابلىنىدۇ. باشتا تويوتامۇ توقۇمىچىلىق تەزگاھى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بىر زاۋۇت ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا تويوتا ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇل سېلىپ، ياپونىيە ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ ئاساسىنى تىكلەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇ جەريان ئۇنچىلىك ئاسان بولمىغان. ئەڭ دەسلەپتە، تويوتا يۈك ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان بولۇپ، تېخنىكىسى ئىپتىدائىي، ئۈنۈمى تولىمۇ تۆۋەن ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سۈپىتى قالاق ئىدى. بۇنداق شارائىت ئاستىدا، تويوتانىڭ ئەمدىلا بىر ئەزاسى بولۇشقا باشلىغان ئاپتوموبىل ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تويوتانىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ئامېرىكىغا بېرىپ، رىقابەتچىلىرىدىن ئۆگىنىپ كېلىش قارارىغا كېلىدۇ ۋە فورد، ئامېباب (General Motors) قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاچ ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بايقاپ چىقىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، تويوتا بىر ئايدا 900 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارسا، فوردنىڭ بىر لىنىيەسىنىڭ ئايلىق ئىشلەپچىقىرىش سانى 9000 ئىدى. بۇ تويوتانىڭ 10 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلەتتى (بۇ رەقەم ھازىر بىر ئىسمىنىلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بولۇپ قالدى).

ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش بىلەن بىر شىركەتتىكى ئەندىزىنى ئۆزگەرتىش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇش دەماللىققا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيەنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئاتوم بومبىسى ۋە خەلقنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشى قاتارلىق ئامىللارنى كۆزدە تۇتقاندا، تويوتانىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش ئىدى. تويوتا بىلەن فوردنى سېلىشتۇرۇش، بىر ھېسابتا ماشىنا بىلەن ئېشەك ھارۋىسىنى سېلىشتۇرۇشقا ئوخشىشىپ قالاتتى. فوردنىڭ سىستېمىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش سىستېمىسى بار ئىدى. فورد ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن چوڭ ئامېرىكا بازىرى ۋە نەق پۇل ئوبوروتى بار ئىدى، ئەمما تويوتا ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق ئىدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ياپونىيە بازىرى ئىنتايىن كىچىك ۋە ئۇرۇشتا خانىۋەيران بولغان خەلقتە نەق پۇل يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياپونىيە سانائىتى ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان بولغاچقا، تەمىنلەش زەنجىرىدىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تويوتانىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغان ئىشى بولسا، زاكاس كەلگەندىن كېيىن ئاپتوموبىلنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇنىڭ پۇلى بىلەن ئوبوروتنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. بۇ خۇددى خېرىدار كېلىشىنى ساقلىغان ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا ئوخشاش بىر ئەھۋال بولۇپ، ئالدى بىلەن خېرىدارنىڭ كېلىشى ۋە يۈك ماشىنىسىنى زاكاز قىلىشى، ئالدىن زاكاز پۇلى تۆلىشى كېرەك دېگەنلىك ئىدى.

تويوتانىڭ ئىشلىرى كاسات، قىيىنچىلىق ئىنتايىن چوڭ ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بىر ۋەيرانچىلىق يېڭى بىر گۈللىنىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ۋەيران بولغان ياپونىيەنىڭ قايتىدىن

قۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئامېرىكا ئۇرۇشتا دۈشمەنلەشكەن ياپونىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن كۆپ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى ۋە ياپونىيەنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشىغا ياردەمدە بولدى. ياپونىيەنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشى دېگەنلىك، يۈك ماشىنىلىرىغا بولغان تەلەپنىڭ ئېشىشى ۋە بۇ ئېشىش تويوتانىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر پۇرسەت ئىدى.



ئېيجى تويودا (Eiji Toyoda) (شىركەتنىڭ قۇرغۇچىسى كىئىچىرو تويودا Kiichiro Toyoda نىڭ ئوغلى) 1950-يىلى شىركەتنىڭ مۇدىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىدىكى كارخانىلاردا ئۈچ ئايلىق بىر تەكشۈرۈشكە بارغاندا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ تېخنىكىسىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىغان ئىدى. ئەمما بارغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا ئەھۋالنىڭ 30-يىللاردىن كۆپ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۆزگەرمىگەن ئەڭ مۇھىم نەرسە، زاۋۇتتىكى ئاقما لىنىيەلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئېيجى تويودا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان ئونوغا فوردنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە ئېرىشىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.



تائىچى ئونو (Taiichi Ohno) ئەينى چاغدا ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بىر ئۇستا قاتلامنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ قىيىن بىر ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىناتتى. ھېچ بولمىغاندا فورد بىلەن رىقابەتلىشىش تەلىپى قويۇلمىغان بولغاچقا، نىسبەتەن ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئونو، فوردنىڭ كىتابىدا ئۆزلۈكسىز لىنىيە ئېقىشى، مەشغۇلاتلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئىسراپنى (Waste) ئازايتىش (ئىشلەپچىقىرىشتىكى كېرەكسىز ئىشلار) نىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنسىمۇ، ئەمەلىيەتتىكى ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ئۇ بايقاپ چىققان مۇھىم بىر يېتەرسىزلىك شۇكى، زاۋۇت ئىچى مەشغۇلاتلىرىدىكى كېرەكسىز يىغىلمىلار ئىدى. زاۋۇت خۇددى بىر ئىسكىلاتتەكلا بولۇپ، نەگىلا قارىسا يېرىم ئىشلەپچىقىرىلغان ماللار بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەم چوڭ ھەم بەك كۆپ يەر ئىگەللەيتتى.

## تويوتا پەلسەپەسىنىڭ تۇغۇلۇشى

ئونو، شىركەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ، بۇ ئىنقىلابنى ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرۇپ باشلاشنى قارار قىلدى. ئۇ چاغلاردا ئەقلىگە كەلگەن پىكىرلەرنى ئورتاقلىشىش ياكى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ھازىرقىدەك پوۋېرپوينت، رەڭلىك قەغەزلەر، ئۇچۇرلارنى دەرھال باشقىلارغا ئەۋەتىپ، دەرھال جاۋاب ئالالايدىغان ئىنتېرنېت تورى دېگەندەك نەرسىلەر يوق. بۇ سەۋەپتىن، ئۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ياكى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولغان «ئىشنىڭ ئۈستىدە ئۆگىنىش» نى بارلىققا كەلتۈردى. ئونو ئۆزى سېختىن كەلگەن بىرسى بولغاچقا، ئاقما لىنىيەلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى تويوتانىڭ زاۋۇتىغا تەتبىقلاشتا كۆپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئامېرىكىدىن ئۆگىنىپ كەلگەنلىرى يالغۇزلا فورد ۋە فوردنىڭ زاۋۇتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈرنەكلىرى ئەمەس ئىدى. ئامېرىكىدىكى تاللا بازارلىرىنىڭ جاھازلىرىدىكى مال تىزىش ئۇسۇلىنى ئىشلەپچىقىرىشقا تەتبىقلاپ چىقتى (جاھازلىرىدىكى ماللار ئازايغاندا، مال دەرھال تولۇقلاپ چىقىلىدۇ ۋە ھەر دائىم جاھازلارنىڭ تولۇق تولدۇرۇلغان بولىدۇ. تاللا بازىرىدا بۇ خىل ئۇسۇل ئومۇمىيۈزلۈك

ئىشلىتىلىدۇ.) ۋە قۇراشتۇرۇش سېخىدا بۇ ئۇسۇل ئۇنۇملۇق يۈرگۈزۈلىدۇ. پرىنسىپ شۇكى، ئاقما لىنىيەدە ئاپتوموبىلنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى ئاستا-ئاستا ماڭىدۇ. ھەر ئىستانسىسىغا كەلگەندە، ئۇ يەردىكى ئىشچىلار جاھازلاردىن ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى ئېلىپ قۇراشتۇرۇشقا باشلايدۇ. جاھازدىكى زاپچاس ئازايغاندا، كۆرسەتكۈچ سىگنال بېرىدۇ ۋە مال تەمىنلەشكە مەسئۇل ئىشچىلار دەرھال زاپچاسلارنى تولۇقلايدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ھەم قۇراشتۇرۇش سېخىدىكى ئىشچىلار تېخىمۇ تېز مەشغۇلات قىلالايدۇ، ھەم زاپچاسلارنىڭ ۋاقتىدا تولۇقلىنىپ تۇرۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل، تېخىمۇ چوڭ دائىرىدىكى «ئامبارسىز مال يەتكۈزۈش» (دەل ۋاقتىدا پرىنسىپى Just in Time   JIT ) نىڭ ئاتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

### ئامبارسىز مال يەتكۈزۈش  ـ  دەل ۋاقتىدا پرىنسىپى (Just In Time)

ئونونىڭ ئامېرىكا زىيارىتى جەريانىدا كۆرۈپ ھېس قىلغان ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكلەردىن بىرى شۇكى، زاۋۇتنىڭ ئىچىدىكى زاپچاس بىرىكمىسى ئىدى. فورد بىر لىنىيەدە ئاپتوموبىلنىڭ چوڭ بىر گەۋدىسىنى قۇراشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇنى باشقا بىر يەرگە يۆتكەپ، ئۇ يەردە ساقلىتاتتى. كېيىن زاۋۇتنىڭ ئىچىدىكى ترانسپورت ماشىنىلىرى بۇلارنى ئېلىپ ئىككىنچى بىر لىنىيەگە توشۇپ، ئۇ يەردە ئىككىنچى قەدەم قۇراشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئونو بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارتۇقچە ئىش يۈكى پەيدا قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەگەر ھەجىم جەھەتتىن چوڭراق بولغان زاپچاسلارنى يېرىم قۇراشتۇرۇلغان ماللارنى قۇراشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئەمەس، بەلكى قۇراشتۇرۇش باشلايدىغان چاغقا ئۇلگۈرتىپ كەلتۈرۈلسە ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى بەزى ئارتۇق مەشغۇلاتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ئىسكىلات باشقۇرۇش تەننەرخىنىمۇ تۆۋەنلەتكىلى بولاتتى.

### دەل ۋاقتىدا پرىنسىپى دېگەن نېمە؟

«دەل ۋاقتىدا» پرىنسىپى، ئاپتوموبىل سانائەت كارخانىلىرىنىڭ (بۇلارنى ئانا سانائەت دەيمىز) ئىشلەپچىقىرىش ئەسناسىدا كېرەكلىك بولغان زاپچاسلارنى تەمىنلىگۈچى شىركەت ۋە زاۋۇتلار (قوشۇمچە سانائەت)  تەرىپىدىن دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىدۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كېلەركى ئايدىن ئېتىبارەن تويوتانىڭ كۈنلۈك 500 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش پىلانى بار دەپ پەرەز قىلساق، بۇ پىلاننى بىر ئاي بۇرۇن تەمىنلىگۈچى شىركەتلەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن بولىدۇ.  چاق ئىشلەپچىقىرىدىغان تەمىنلىگۈچى شىركەت بۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، كېلەركى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىگە ئۇلگۈرتۈپ چاقلارنى تويوتاغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. چاقلارنى باسقان يۈك ماشىنىسى تويوتانىڭ زاۋۇتىغا كىرىپ مالنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، بۇ ماللار تويوتانىڭ ئىسكىلاتىغا كىرمەي تۇرۇپ، ئۇدۇل ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا يوللىنىدۇ. ئەتىسى يەنە بىر يۈك ماشىنىسى بىلەن ئىككىنچى 500 چاق تويوتانىڭ زاۋۇتىغا كېلىدۇ ۋە يەنە ئوخشاش بىر شەكىلدە ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا ئەۋەتىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئاپتوموبىلنىڭ ئورۇندۇقىغا ئوخشاش ھەجىمى چوڭ زاپچاسلارنىڭ تەمىنلىنىشى ۋە ئىسكىلاتتىكى باشقۇرۇشى ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل چوڭ ھەجىملىك زاپچاسلار ئۈچۈن «دەل ۋاقتىدا» پرىنسىپىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىش قىيىن ئەمەس. بۇ پرىنسىپ بىلەن تويوتا نۇرغۇن ئارتۇقچە تەننەرختىن قۇتۇلۇپ، پايدىنى ئاشۇرالايدۇ.

### يالاڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى The Lean Manufacturing

تويوتا پەلسەپەسىنىڭ نېگىزىنى يالاڭ ئىشلەپچىقىرىش (The Lean Manufacturing) دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە سۇبيېكتىپ بىر مېتود بولۇپ، ئوبيېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى يوق. شۇڭلاشقا بۇنى تىلىمىزدىكى «يالىڭاچ، ھېچنېمىسى يوق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان

«يالاڭ» دېگەن سۆزنى ئېلىپ تۇرۇپ، «يالاڭ ئىشلەپچىقىرىش» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

«يالاڭ ئىشلەپچىقىرىش»، سۇبيېكتىپ مېتودلارنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، ئوبيېكتىپ مەشغۇلاتلاردىكى ئىسراپلارنى يوقىتىش ۋە ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ياپونىيەدىن باشلانغان بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى ھازىر سىستېمىلاشقان زاۋۇت كارخانىلاردىكى مۇھىم بىر ئەندىزە بولۇپ قالدى. بەزى زاۋۇتلاردا مەخسۇس بۆلۈملەر بار. مەسىلەن، ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا چىرىقىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر زاۋۇت بار بولسا، بۇ زاۋۇت تويوتانىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇنىڭ مەلۇم بىر مودېلى ئۈچۈن ئارقا چىراقلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، زاۋۇت قۇراشتۇرۇش مەشغۇلاتىدىن كېيىن 100% تەكشۈرۈش ئىستانسىسى قۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىستانسىدا ئىشلەيدىغان خادىملار سېختىن پۈتۈپ چىققان چىراغلارنى ئېلىپ بىرمۇ-بىر تەكشۈرۈپ چىقىپ، سۈپەتكە ئۇيغۇنلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەگەر سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ، نۇقسان بار بولغان چىراغلار ئايرىلىپ توشۇلۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ ئارقىلىق زاۋۇت نۇقسىنى بار ماللارنىڭ خېرىدارغا ئەۋەتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جەرىمانە تۆلەش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە شۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؛ قۇراشتۇرۇش سېخى، پۈتۈن مەشغۇلاتنى تۈگىتىپ، چىراغنى ئۆلچەم بويىچە ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن، تۈجۈپىلەپ ئوراپ قاچىلاپ سۈپەت تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ باسقۇچتىن كېيىن قۇراشتۇرۇش بۆلۈمى خىزمىتىنى تاماملىغان بولىدۇ. ھالبۇكى، سۈپەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېيىنكى خىزمەت باسقۇچىدىكىلەر قۇتىغا قاچىلاپ سېلىنغان بۇ مەھسۇلاتلارنى قايتىدىن ئېچىپ تەكشۈرۈپ، يەنە قايتىدىن قۇتىلىرىغا قاچىلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يەردە بىر ۋاقىت ئىسراپى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ (ئىسراپ (waste) دېگىنىمىز، ھەم ۋاقىت ھەمدە ئىش كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ). زاۋۇت بۇنى كۆرۈپ، بۇ مەشغۇلات جەريانىدا بىر چاتاق بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە بۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىش لايىھەلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئەڭ ئۈنۈملۈك لايىھە، سۈپەت تەكشۈرۈش بۆلۈمىنى قۇراشتۇرۇش سېخىنىڭ ئاخىرقى ئىستانسىسىغا قويۇش. قاچىلاشقا تەييار ھەر بىر زاپچاسنى، سۈپەت تەكشۈرۈش خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە تەستىقىدىن كېيىن، ئوراپ قاچىلاش ۋە ئىسكىلاتقا يوللاش. بۇ ئارقىلىق، ئوتتۇرىدىكى ئارتۇقچە بىر خىزمەتنى (يەنى ئىسراپنى) ئەمەلدىن قالدۇرغان بولىدى. كۈندە تۆت-بەش يۈز ئەتراپىدا زاپچاس ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر مەشغۇلات سېخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر بىر زاپچاس ئۈچۈن تېجىلىپ قالغان 30-20 سېكۇنتنىڭ يىللىق خىزمەت ئۈنۈمىدىكى تەسىرىنى ھېسابلاپ چىقىش تەس بولمىسا كېرەك.

ئاپتوموبىل سانائىتىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىلىرىغا سىڭىپ كىرگەن «يالاڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى» تويوتانىڭ ئەڭ نېگىزلىك پرىنسىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سۆزلەپ ئۆتمەكچى بولغان باشقا پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسى «يالاڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى»نى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋە سىستېمىلاشقان . مەقسەت، ئىسراپنى ئازايتىش ۋە ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش. ئەڭ ئاددىي يوللار بىلەن، ئەڭ ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشىش۞

ئاپتور:

تۈركىيەدە ئىستانبۇل تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماشىنىسازلىق ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرگەن. ھازىر كوجائەلى ۋىلايىتىدىكى بىر ئاپتوموبىل كارخانىسىدا تۈر باشقۇرۇش بۆلۈمىدە يېڭى تۈرلەرنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمەتلىرىنى قىلماقتا.

(memtimin@gmail.com)

# سانلىق مەلۇماتلارنى زاپاسلاشنىڭ 3-2-1 ئىستراتېگىيەسى

## Backup Rule

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت

قىسقىچە مەزمۇنى: ئۈچۈر ئىستىمالىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ساقلىغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سانى كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ۋاقىتلىق ياكى ئانچە مۇھىم بولمىغان سانلىق مەلۇماتلار بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ھازىر ۋە كەلگۈسىدە ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغان مەلۇماتلاردۇر. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يوقاپ كېتىشى بىزگە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان بىر قىسىم زىيانلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن سانلىق مەلۇماتلارنى زاپاسلاش، سانلىق مەلۇمات پەيدا بولۇش بىلەن بىرگە تەڭ ئويلىشىلىدىغان مۇھىم ئامىل ھېساپلىنىدۇ. بىز بۇ ماقالىدە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ زاپاسلاش ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە توختىلىمىز. ئىنسانىيەت ئۈچۈر دەۋرىگە كىرگەندىن بېرى سانلىق مەلۇماتلارنى ئىستېمال قىلىش مىقدارى ئاشقانچە توپلىغان سانلىق مەلۇماتلارمۇ بارغانچە ئېشىپ بارماقتا. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا ئىنسانلار پەيدا قىلىۋاتقان سانلىق مەلۇماتلار ھەر ئىككى يىلدا بىر قاتلىنىپ مېڭىۋاتماقتا.

رەقەملىك سانلىق مەلۇماتلار كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. مىسال، بۇرۇن ئىنسانلار رەسىمگە تارتىش ئۈچۈن لېنتا، كامېراغا موھتاج بولغان بولسا، بۈگۈن يانفون بىلەنلا قولاي رەسىمگە تارتىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارالايدىغان بولدى. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە، تارتىلغان رەسىملەر بولسا رەقەملىك شەكىلدە يانفوننىڭ ئىچكى ساقلىغۇچىغا ساقلاندى. دېمەك، ئىنسانلار مەيلى بىلىپ مەيلى ئىستىخىيەلىك شەكىلدە بولسۇن سانلىق مەلۇمات ياراتتى ۋە مەلۇم ئورۇندا (يانفوندا) ساقلىدى. ئۇنداقتا تارتىلغان مۇشۇ رەسىملەر تېلېفون يوتۇپ كېتىش ياكى بۇزۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن يوقاپ كەتسە قانداق بولار؟ بەزىلىرىگە بولدى قىلىنسىمۇ بەزىلىرى مۇھىم خاتىرە كۆنلەرنىڭ ئەسلىمىسى بولسا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالماق قىيىن. ئىككىنچى بىر مىسال، سىز كومپيۇتېرىڭىزدا بىر ئەسەر ياكى مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرىڭىزنىڭ سانلىق مەلۇماتى بار. ئەگەر كومپيۇتېرىڭىز يوتۇپ كەتسە ياكى ۋىرۇس ۋە باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن دىسكىڭىز رېمونت قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتسە، ۋەياكى خاتا مەشغۇلات سەۋەبىدىن ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولسىڭىز يوقالغان ھۆججەتنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرىسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە «ھەرقانداق نەرسە ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇزۇلىدۇ» پىرىنسىپى بويىچە ھېچقانداق ساقلىغۇچ 100% بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ.

يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرگە بەلكى يولۇققان ۋە ياكى بۇ ھەقتە ئويلانغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ جاۋابى بولسا، سانلىق مەلۇماتنى توغرا ۋە ئۈنۈملۈك شەكىلدە زاپاسلاش. بۈنىڭ ئۈچۈن، بىز تۆۋەندە سانلىق مەلۇماتنى زاپاسلاش ۋە ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

### سانلىق مەلۇماتنى زاپاسلاش

زاپاسلاشنىڭ مەقسىتى، ئەسلى سانلىق مەلۇمات يوقاپ كەتكەندە ياكى بۇزۇلغاندا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان سانلىق مەلۇماتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى قۇرۇپ چىقىش. ئەسلى سانلىق مەلۇماتنىڭ يوقىلىشى قاتتىق دېتال ياكى يۇمشاق دېتالنىڭ كاشىلىسى، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان غەرەزلىك ھۇجۇم (ۋىرۇس ياكى يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتال) ۋە ياكى سانلىق مەلۇماتلارنى تاسادىپىي ئۆچۈرۈۋېتىشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. زاپاسلانغان نۇسخىلار بولسا دەل مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا سانلىق مەلۇماتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ئىمكان قەدەر تېز شەكىلدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكلەردىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدۇ.[1]

سانلىق مەلۇماتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئايرىم ۋاستىدە ساقلاش، ئەسلى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يوقىلىشى ياكى بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، زاپاس نۇسخىسىنىڭ ساقلىنىدىغان ئورنى ۋە ۋاستىسى توغرا تاللىنىشى زۆرۈردۇر.

### 1 ـ 2 ـ 3 زاپاسلاش ئىستراتېگىيەسى

بۇ ئۇسۇل ئامېرىكىلىق داڭلىق فوتوگراف Peter Krogh تەرىپىدىن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا دۇنيادىكى ئادەملەرنى ساقلىغۇچى ئاللىقاچان بۇزۇلغان ئادەملەر ۋە بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر دەپ ئىككى گورۇپپىسىغا بۆلۈش مۇمكىن.

| 1 | 2 | 3 |
|---|---|---|
| سىرتتىكى ساقلىغۇچ | ساقلاش مۇھىتى | بىر ئاكتىپ ۋە ئىككى زاپاس نۇسخا |



1-رەسىم/ جەدۋەل : 1-2-3 زاپاسلاش ئىستراتېگىيەسى

يۇقىرىقى رەسىمدىكى 3 رەقىمى بولسا سانلىق مەلۇماتنى زاپاسلىغاندا سانلىق مەلۇماتنىڭ چوقۇم ئۈچ نۇسخا بولۇشىنى، 2 رەقىمى بولسا ئىككى ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا زاپاسلاشنى، 1 رەقىمى بولسا بىر زاپاس نۇسخىنىڭ چوقۇم سانلىق مەلۇماتنىڭ ئاكتىپ نۇسخىسى بار مۇھىتنىڭ سىرتىدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.[2]

### ئۈچ نۇسخا

بۇ دېگەنلىك بىر ئەمەلىي ئىشلىتىۋاتقان نۇسخا ۋە ئىككى زاپاس نۇسخىنى كۆرسىتىدۇ. ئېنىقكى،

سانلىق مەلۇماتلىرىڭىزنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى قانچە كۆپ بولسا ، ھەممە نەرسىنى يوقىتىش خەۋپىڭىز شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ.

بىر زاپاس نۇسخىنىڭ بولۇشى ياخشى باشلىنىش ، ئەمما سانلىق مەلۇماتنىڭ تولۇق بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئۈچۈن يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئادەتتە ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تۇنجى زاپاس نۇسخىسى ئوخشاش فىزىكىلىق ئورۇندا ، ھەتتا ئوخشاش فىزىكىلىق مۇلازىمېتىردا ساقلىنىدۇ. ئوخشىمىغان فىزىكىلىق مۇلازىمېتىر ياكى ئورۇنلاردا ساقلانغان سانلىق مەلۇماتلارتىنىڭ كۆپەيتىلگەن (ئۈچىنچى) نۇسخىسى سىزنىڭ سانلىق مەلۇماتىڭىزنىڭ ھۇجۇم، خاتا مەشغۇلات ياكى بۇزۇلۇش سەۋەبلىك يوقاپ كېتىش خەۋپىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ.

## ئىككى ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا زاپاسلاش

يۇقىرىدا سانلىق مەلۇماتنىڭ ئىشەنچلىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ نۇسخىدىن باشقا زاپاس نۇسخىنىڭ بولۇشى ئەسكەرتىلگەن ئىدى، ئەمما، ئەگەر ئاكتىپ نۇسخا بىلەن زاپاس نۇسخا ئوخشاش مۇھىتتا (ئوخشاش كومپيۇتېر، ئوخشاش دىسكا دېگەندەك) بولسا كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ مۇھىتتا چاتاق كۆرۈلسە ئاكتىپ ۋە زاپاس نۇسخىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئىشلەتكىلى بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا ئاكتىپ نۇسخا كومپيۇتېردا بولسا زاپاس نۇسخا تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمىغان مۇھىتتا ساقلىنىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

- USB دىسكا
- SD كارتا
- CD / DVD
- تور دىسكىسى
- بۇلۇت دىسكىلىرى

## بىر زاپاس نۇسخا چوقۇم سىرتتا بولۇش

زاپاس نۇسخىنىڭ بىر نۇسخىسىنىڭ فىزىكىلىق جەھەتتىن ئاكتىپ ياكى باشقا زاپاس نۇسخىلىرىدىن ئايرىم بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوت ئاپىتى دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەممە نۇسخا بىر فىزىكىلىق مۇھىتتا بولسا ھەممە نۇسخىنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئايرىم بىر فىزىلىق مۇھىتتا بولىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

## زاپاسلاش ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىنىدىغان ساقلىغۇچلار

- USB دىسكا

مەسىلەن Seagate، Western Digital دېگەندەك بىر تېرابايىت (1 TB) دىن يۇقىرى سىغىمدىكى، مۇمكىن قەدەر USB 3.0 نى قوللايدىغان 2.5 دىيومدىكى ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك دىسكا. سىغىمىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى شارائىتقا قاراپ بەلگىلەنسە بولىدۇ. بۇ ئۇلىنىنىش[3] دىن ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق بىرسىنى تاللاپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. ئاتۇۋچىلىقى: كۆپىنچە قاتتىق دېتال مودېللىرىنىڭ ئاپتوماتىك زاپاسلاش پىروگراممىلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كومپيۇتېرىڭىزدىكى مۇھىم مۇندەرىجىلەرنى تەڭشەپ قويۇلسا دىسكا ئۇلانغان ھامان ئۇ مۇندەرىجىدىكى سانلىق مەلۇماتنى ئاپتوماتىك زاپاسلايدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ياخشى تەرىپى تەننەرخى ئەرزان ($50 - $100 ئەتراپىدا)، ئىشلىتىش قولايلىق. كەمچىللىكى: ھەر قېتىم ئۇنى چېتىشنى ئۇنتۇماسلىقىڭىز لازىم، ئىشلىتىشتىن توختاتقاندا چوقۇم مەشغۇلات

نورمال تۈگىتىلىشى كېرەك، بولمىسا دىسكىدىكى سانلىق مەلۇمات بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىدە دىسكىنىڭ ئىچىدىكى سانلىق مەلۇماتلار قالايمىقان بولۇپ ئۇنىڭدىكى سانلىق مەلۇماتلار ئوقۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار.

- SD كارتا

ئارتۇقچىلىقى: ئىشلىتىشكە ئەپلىك، ئەسۋابقا داۋاملىق كىرگۈزۈپ قويسا بولىدۇ.

كەمچىلىكى: ھازىرقى شارائىتقا ئاساسەن،ئۇنىڭ سىغىمى USB دىسكىسىدەك بەك چوڭ ئەمەس، تەننەرخى يۇقىرى، كۆپ قېتىملىق يېزىپ ئۆچۈرۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

- CD/DVD

ئارتۇقچىلىقى: كونا زاپاسلاش ئۇسۇلىنىڭ بىرى. تەننەرخى ئەرزان، بىر قېتىملىق زاپاسلاشقا بەك مۇۋاپىق.

كەمچىلىكى: گەرچە قايتا يېزىشقا بولىدىغان نۇسخىلىرى بولسىمۇ ئۇنىڭدا خاتالىق كۆپ كۆرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم قايتا يېزىش تەۋسىيە قىلىنمايدۇ. سىغىمى يۇقىرى ئەمەس.

- تور دىسكىسى

ئائىلىلەردە بىردىن ئوشۇق زاپاسلاش زۆرۈر بولغان ئەسۋابلار مەسىلەن كومپيۇتېر بولسا ھەم بىر قانچە ئەسۋابتىن تەڭلا سانلىق مەلۇماتنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا تەۋسىيە قىلىنىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى. ئاساسلىقى Synology[4] ۋە QNAP[5] قا ئوخشاش كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مودېللىرى بار.

ئارتۇقچىلىقى:

- ♥ سىغىمى يۇقىرى.
- ♥ تەڭلا ۋاقىتتا بىر قانچە كومپيۇتېر ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسۋابلاردىن (يانفون، تېلېۋىزور دېگەندەك) يەرلىك تور ئارقىلىق ھەر زامان قوللانغىلى بولىدۇ.
- ♥ كومپيۇتېرغا قاچىلانغان يۇمشاق دېتاللار بىلەن ھەر ۋاقىت ئاپتوماتىك ھالدا ئەسۋابلارغا زاپاسلىغىلى ۋە قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.
- ♥ SAMBA, NFS, FTP, SSHقاتارلىق كۆپ قوللىنىلىدىغان كېلىشىملەر بىلەن مۇلازىمەتكە ئېرىشىش شارائىتى بار.
- ♥ DLNA, SAMBA قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭدىكى رەسىم، مۇزىكا ۋە ياكى فىلىملەرنى تېلېۋىزور ياكى باشقا يۆتكىلىشچان ئەسۋابلار بىلەن قويۇشقا بولىدۇ.
- ♥ بەزى مودېللاردا VPN نى قوللايدۇ، بۇ ئارقىلىق سىرتتا تۇرۇپ ئۆيدىكى مۇلازىمەتكە باغلىغىلى بولىدۇ.

كەمچىلىكى:

- ⊗ تەننەرخى يۇقىرى.
- ⊗ تەڭشەش بىرئاز مۇرەككەپ.
- ⊗ دىققەت قىلمىسا (بولۇپمۇ سىرتتىن ئۇلاپ ئىشلىتىشتە) بىخەتەرلىك يوچۇقى سەۋەبىدىن سانلىق مەلۇمات ئوغرىلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار.
- ⊗ داۋاملىق نۇسخىسىنى يېڭىلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

تور دىسكىسى داۋاملىق ئىشلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىشلەتكەن دىسكىنىڭ مودېلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن Western Digital Red, Seagate Ironwolf دېگەندەك.

• بۇلۇت دىسكىسى

بۇ ئەڭ يېڭى تېخنىكىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىقى بىر قىسىم تونۇلغان شىركەتلەرنىڭ ئۆز سىستېمىسىغا باغلانغان مۇلازىمەتلىرى ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە سۇنۇلماقتا. ئۇنى مەلۇم مىقدارغىچە (نورمالدا 5 گىگابايت) بىكارلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەنسىمۇ كۆپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئايلىق ھەق تۆلەش كېرەك[6]. تونۇلغان بۇلۇت دىسكىلىرى تۆۋەندىكىچە:

| ئىسمى | شىركەت | بىكارلىق سىغىمى | 1TB نىڭ يىللىق باھاسى |
|---|---|---|---|
| OneDrive | Microsoft | 5GB | 70$ + Office 365 |
| iCloud | Apple | 5GB | 60$ ~ |
| GoogleDrive | Google | 15GB | ~ 60$ |
| Dropbox | Dropbox | 2GB | ~ 60$ |

2-جەدۋەل: تونۇلغان بۇلۇت دىسكىلىرى

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە Box، iDrive، pcloud، Meg دېگەندەك بەك تونۇلۇپ كەتمىگەن شىركەتلەرمۇ بار.

Amazon, Azure دېگەندەك بۇلۇت ھېسابلاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان شىركەتلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇلازىمەتلىرى بار.

بۇلۇت دىسكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

♥ كىچىك سىغىمدىن ياكى بىكارلىق نۇسخىسىدىن باشلاپ ئېھتىياجغا ئاساسەن كۆپەيتكىلى ۋە ياكى ئازلاتقىلى بولىدۇ.

♥ ئاساسلىق ھەممە مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە ئەسۋابلارنى قوللايدۇ.

♥ تور شارائىتىدا ھەرقانداق يەردىن تورۇپ مۇلازىمەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

♥ باشقىلار بىلەن ھۆججەتلەرنى ھەمبەھىرلىشىشكە ۋە ياكى گۇرۇپپا قۇرۇپ بىرلىكتە ئىشلىتىشكە قولايلىق.

ئەمما ئۇ سىرتتا بولغاچقا يېتەرلىك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قوللىنىلمىسا سانلىق مەلۇماتلار باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. شۇڭا كۆچلۈك مەخپىي شىفىر بىلەن بىرگە ئىككى قەدەملىك دەلىللەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ھەتتا بەك مۇھىم بولغان ھۆججەتلەرنى قۇلۇپلاپ ساقلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ[7].

1-2-3 زاپاسلاش ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغاندا يۇقىرىقى ساقلىغۇچلاردىن ئوخشاش بولمىغان ئىككىسىنى قوللىنىش ۋە بىرىنى چوقۇم فىزىكىلىق مۇھىتتىن ئايرىپ (ئۆيدىن ياكى ئىشخانىدىن يىراق يەردە) ساقلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى دانە زاپاس USB دىسكىدا ساقلانغان بولسا، بىرىنى سىرتتا (ئىشخانىدا ياكى بانكىدىكى بىخەتەر ساندۇقتا) ساقلاش ۋە ئۇ ئىككى زاپاس دىسكىنى ئايدا بىر ئاكتىپ دىسكىدىكى ھۆججەتلەر بىلەن ئوخشاش شەكىلدە داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇش ئۇسۇلى ۋە USB دىسكا ياكى تور دىسكىسى بىلەن بۇلۇت دىسكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان ئۇسۇللاردۇر۞

پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. https://en.wikipedia.org/wiki/Backup
2. https://www.nakivo.com/blog/3-2-1-backup-rule-efficient-data-protection-strategy/
3. https://uk.pcmag.com/hard-drives/7890/the-best-external-hard-drives
4. https://www.synology.com/en-global
5. https://www.qnap.com/en/
6. https://wire19.com/best-cloud-storage-providers-comparison/
7. https://www.comparitech.com/blog/cloud-online-backup/6-apps-to-encrypt-your-files-before-uploading-to-the-cloud/



ئاپتور:

فىزىكا پەنلىرى دوكتورى، شۋېتسارىيە تېلېكوم رەقەملىك تېخنىكا تەرەققىيات مەسلىھەت بۆلۈمى ئالىي يېشىم لاھىيەلىگۈچىسى.

(abduxukur.abdurixit@gmail.com)

# قۇمدىن كرېمنىيغىچە — يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سىرلىق دۇنياسى

نۇرئەخمەت ئۆمەر

سىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان يانفون، كومپيۇتېر، تېلېۋىزور قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىكرو ئۆزەكلەرنىڭ (زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولى) ئەمەلىيەتتە قۇمدىن پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ھەرقانداق ئۆزەكنىڭ ئاساسلىق بىرلىك تۈزگۈچىسى بولسا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ بولۇپ، مانا مۇشۇ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيالىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنسانلار ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە ياشاۋاتىدۇ. بۇ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيالىدىن ياساپ چىققان ئۆزەكلەر ھازىر ئۇچۇر، مېدىتسىنا، دۆلەت مۇداپىئەسى، قاتناش، ئېنېرگىيە، ئالەم بوشلۇقى، ئاپتوماتلاشتۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان قىلمىغانلىقى، بىر دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

## 1. يېرىم ئۆتكۈزگۈچ

ئۇنداقتا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ دېگەن نېمە؟ مىكرو ئۆزەكلەر قۇمدىن قانداق ياسىلىدۇ؟

ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، توكنى ئاسان ئۆتكۈزىدىغان ماتېرىياللار ئۆتكۈزگۈچ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مېتال ۋە مىس قاتارلىق مېتاللار. توكنى ياخشى ئۆتكۈزمەيدىغان ماتېرىياللار بولسا ئىزولياتور دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەينەك، ياغاچ قاتارلىقلار. يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيالىنىڭ توك ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى ئۆتكۈزگۈچ بىلەن ئىزولياتورنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ كرىستال قۇرۇلمىسىغا باشقا ئېلېمېنتلارنى قوشۇش (ئارىلاشتۇرۇش) ئارقىلىق توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىنى پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ بەزى مىساللىرى كرېمنىي ، گېرمانىي ، گاللىي ئارسېنىددىن ئىبارەت. كرېمنىي كۆپىنچە ئېلېكترونلۇق توك يولىنى ياساشتىكى ئاساسلىق ئېلېمېنت ھېسابلىنىدۇ.

كرېمنىينىڭ ئۆزى ئىنتايىن تۇراقلىق بىر ئېلېمېنت بولۇپ، ئۇ ئۆزى توك ئۆتكۈزمەيدۇ. ئۇ ئېلېمېنتلار جەدۋىلىدىكى 14-نومۇرلۇق ئېلېمېنت بولۇپ ، ئۇنىڭ سىرتقى ئوربىتىسىدا تۆت ئېلېكترون بار. بۇ تۆت ئېلېكترون (1-رەسىمگە قارالسۇن) باشقا تۆت ئاتوم بىلەن بىرلىشىپ كرېمنىي كرىستال قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ[1]. بىر خىللا ئېلېمېنتلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچتە باشقا ئېلېمېنتلار بولمىسا، ئۇ يەككە ئېلېمېنتلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ دەپ ئاتىلىدۇ. بىز يەككە ئېلېمېنتلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئۈستىدە توختالمايمىز، چۈنكى ئۇ توك ئۆتكۈزمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ ناھايىتى تۇراقلىق بولۇپ ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

كرېمنىي كرىستالنىڭ توك ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئارسېن، ئانتىتېلا ياكى فوسفور قاتارلىق ئاتوملارنى كرىستال قۇرۇلمىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى تاشقى ھالەتكە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك (يەنى ئارىلاشمىلار شەكىللىنىدۇ). بۇ ئاتوملارنىڭ تاشقى ئوربىتىسىدا بەش ئېلېكترون بار بولۇپ، بۇ تاشقى ئوربىتىدىكى بەش ئېلېكتروننىڭ تۆتى قوشنا كرېمنىي ئاتوملىرى بىلەن باغلىنىپ بىر «ئەركىن ئېلېكترون» نىڭ (2-رەسىم ئوڭغا قارالسۇن) ئەركىن يۆتكىلىش ھالىتىگە كېلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ[2]. بۇ ھاسىل بولغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئاساسى ماتېرىيالىدا زەرەت توشۇيدىغان ئارتۇق ئېلېكترونلار بار بولۇپ ، ھەر

بىردە مەنپىي زەرەت بار، شۇڭا بۇلار «N» تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ دەپ ئاتىلىدۇ. (ئېنگلىز تىلىدىكى مەنپىي دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىدىن كەلگەن). ئۇنىڭ ئەكسىچە، كرېمنىي يېرىم ئۆتكۈزگۈچىنى بور قاتارلىق ئۈچ تاشقى ئېلېكترونغا ئىگە ئاتوم بىلەن ئارلاشتۇرۇلغاندا، كرېمنىي كرىستالىدا قوشنا كرېمنىي ئاتومى بىلەن بىرلەشكەن يەردە (2-رەسىم سولغا قارالسۇن) بىر «ئەركىن تۆشۈكچە» ھاسىل بولىدۇ. بۇ ھاسىل بولغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئاساسى ماتېرىيالدا زەرەت توشۇيدىغان ئارتۇق مۇسبەت زەرەتچىلەر بار بولۇپ، بۇلار «P» تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ دەپ ئاتىلىدۇ. (ئېنگلىز تىلىدىكى مۇسبەت دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىدىن كەلگەن). بۇ N تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرىدىكى ئارتۇق ئەركىن ئېلېكترونلار (مەنپىي زەرەتچىلەر) ۋە P تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرىدىكى ئەركىن تۆشۈكچىلەر (مۇسبەت زەرەتچىلەر) تاشقى ئېلېكتر بېسىمى ياكى قۇياش نۇرى ۋە ياكى تېمپېراتۇرا دېگەندەك ئامىللار بىلەن غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغاندا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ.




1-رەسىم: كرېمنىي ئاتوم ۋە كرىستال قۇرۇلمىسى

ئۆتكۈزگۈچ، ئىزولياتور ۋە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرى، ئۇلارنىڭ ئېنېرگىيە بەلۋېغىغا ئاساسەن ئوخشىمايدىغان خاراكتېرلەرگە ئىگە. بۇ ماتېرىياللاردىكى بارلىق ئېلېكترونلار ئادەتتە ئېنېرگىيەسى تۆۋەن بولغان ۋالېنت (تۇراقلىق) بەلۋېغىدا بولىدۇ (2-رەسىمگە قارالسۇن). بىر ماتېرىيال توك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، يېتەرلىك بولغان ئېلېكترونلار ئۆتكۈزگۈچ بەلۋېغى دەپ ئاتىلىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى ئېنېرگىيە بەلۋېغىغا




2-رەسىم: يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر ۋە ئېنېرگىيە بەلۋېغى

چىقالىشى كېرەك. ۋالېنت بەلۋېغى بىلەن ئۆتكۈزگۈچ بەلۋېغى ئوتتۇرىسىدا ئېنېرگىيە بەلۋاغ ئارلىقى بار. ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرىدا ۋالېنت بەلۋېغى بىلەن ئۆتكۈزگۈچ بەلۋېغىنىڭ ئارىلىقى بەك كىچىك ياكى يوق

دىيەرلىك بولۇپ، ئېلېكترونلار ۋالېنت بەلۋېغىدىن ئۆتكۈزگۈچ بەلۋېغىغا ئەركىن سەكرەپ چىقالايدۇ، شۇڭا ئۇلار توكنى ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىزولياتور ماتېرىيالىدا بەلۋاغ ئارىلىقى بەك چوڭ بولۇپ، تاشقى غىدىقلىنىش يېتەرلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئېلېكترونلار ۋالېنت بەلۋېغىدىن ئۆتكۈزگۈچ بەلۋېغىغا سەكرەپ چىقالمايدۇ. يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئېنېرگىيە بەلۋاغ ئارىلىقى ئۆتكۈزگۈچ بىلەن ئىزولياتور ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەندەك باشقا ئېلېمېنتلارنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، تاشقى غىدىقلىنىشنىڭ نەتىجىسىدە ئەركىن ئېلېكترونلار ۋالېنت بەلۋېغىدىن ئۆتكۈزگۈچ بەلۋېغىغا سەكرەپ چىقالايدۇ. P تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە، توك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەركىن تۆشۈكچىلەر ئۆتكۈزگۈچ بەلۋېغىدىن ۋالېنت بەلۋېغىغا سەكرەپ چىقىدۇ.

باشقا ئېلېمېنتلار ئارىلاشتۇرۇلغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ، ئەمەلىي ئارىلاشتۇرۇش جەريانى بۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ. ئارىلاشتۇرۇلغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئېلېكتر بېسىمنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئارقىلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلىتىلگەن ئېلېكتر بېسىمى ئۇنىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن توك ئۆتكۈزىدۇ ۋە ياكى ئۆتكۈزمەيدۇ. دېمەك بۇنداق يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر كونترول قىلغىلى بولىدىغان تاشقى غىدىقلىنىشنىڭ تەسىرىدە ھەم ئۆتكۈزگۈچ ھەم ئىزولياتورنىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ.

## 2. قۇمدىن ئۆزەككىچە

يەر پوستىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى سىلىكا (سىلىكون دىئوكسىد $SiO_2$) ياكى سىلىكاتلاردىن تەركىب تاپقان[3]. ئوكسىگېننىڭ يېنىدا كرېمنىي يەر پوستىدىكى ئەڭ مول ئېلېمېنت. قۇياش نۇرىدا پارقىرىغان قۇم بولسا سىلىكا. زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ياكى كرېمنىي ئۆزەك ياساش ئۈچۈن، كرېمنىي ئېنىق خىمىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يەككە كرىستال بولۇشى كېرەك. ئىنچىكىلىك بىلەن تاللانغان ساپ قۇم بىلەن 98 پىرسەنت ساپلىقتىكى ياكى تېخىمۇ ياخشى بولغان كرېمنىيگە خىمىيەلىك جەريان ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ يەنى قۇمدىكى ئوكسىگېن ئېلېمېنتىنى چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇرەككەپ خىمىيەلىك ۋە مېخانىكىلىق جەريانلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئارىلاشمىلار زەررىچىسىنى ھەر مىليارد ئىچىدە بىر تالدىن تۆۋەن ھالەتتىكى ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىدۇ. ھازىر بۇ ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى ساپلىق (99.999999999 پىرسەنت) سەۋىيەگە يېتىپ بولۇندى. بۇ ساپلاشتۇرۇلغان كرېمنىي ئوخشاش كرىستال يۆنىلىشىدە بولۇپ، مۇكەممەل يەككە كرىستال قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان سىلىندىرلىق ئىنگوت شەكلىدە بولىدۇ[4] (3-رەسىمگە قارالسۇن). ئاندىن بۇ ئىنگوت توغرىلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ھەرە بىلەن كېسىلىپ



3-رەسىم: قۇمدىن كرېمنىي سىلىندىرلىق ئىنگوت ھالىتىگە كەلتۈرۈش

كرېمنىي پلاستىنكىسى ھالىتىگە كېلىدۇ (4-رەسىمگە قارالسۇن).

بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق ئۈزەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كرېمنىي پلاستىنكىسىنىڭ ئۈستى يۈزىدە ياسىلىدۇ. گەرچە زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولىنىڭ ياساش جەريانى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئەمما بۇنى تۆۋەندىكى ئاساسىي باسقۇچلار بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ:



4-رەسىم: كرېمنىي پلاستىنكىسى

1-باسقۇچ: كرېمنىي پلاستىنكىسى ئوكسىگېن مول ئوچاقتا قىزىتىش ئارقىلىق ، پلاستىنكىنىڭ ئۈستۈنكى يۈزىدە بىر قەۋەت سىلكون دىئوكسىد ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

2-باسقۇچ: كرېمنىي پلاستىنكىسىنىڭ ئوكسىدلانغان يۈزىگە نېپىز بىر قەۋەت فوتوگرافلىق سۈيۈقلۇقى تەكشى چېچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇتۇش ۋە قىزىق قاقلاش باسقۇچى ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن فوتوگرافلىق سۈيۈقلۇقى قاتتىقلاشتۇرۇلغان ھالەتتىكى فوتو-قارشىلىق دەپ ئاتىلىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

3-باسقۇچ: بۇ باسقۇچتا ئالدىنئالا لايىھەلەنگەن زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ئارقىلىق ئوپتىكىلىق ماسكا ياسىلىدۇ. زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولى لايىھەسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلما بۆلىكى بولسا ترانزىستوردۇر. بۇ ئوپتىكىلىق ماسكىسىدا سىزىق (ئۆتكۈزۈشچان) ۋە يېپىق رايونلار بار بولۇپ، بۇلار ترانزىستور ياساش ئۈچۈن ئېلېمېنتلارنى ئارىلاشتۇرۇش، مېتال ئۇلىنىش لىنىيەسى، ئۆز-ئارا ئۇلىنىش قاتارلىق رايونلارنى بەلگىلەيدۇ. توك يولى لايىھەسىگە ئاساسەن، بىر ئۈزەكتە 20-10 گىچە ئوپتىكىلىق ماسكا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئوپتىكىلىق ماسكىلار كرېمنىي پلاستىنكىسىدا رايون تاللاپ قىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئوپتىكىلىق ماسكا كرېمنىي پلاستىنكىسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇلۇپ نۇرغا ئۇچراشتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوپتىكىلىق ماسكىنىڭ تەسرىدە كرېمنىي پلاستىنكىسى ئۈستىدىكى فوتو-قارشىلىق يۈزى تاللىنىشچانلىق بىلەن نۇرغا ئۇچراشتۇرۇلىدۇ. بۇ باسقۇچ ئادەتتە فوتو ئويۇش دەپ ئاتىلىدۇ (5-رەسىمگە قارالسۇن).

4-باسقۇچ: بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان خىمىيەلىك جەريان بولۇپ، 6-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئوپتىكىلىق ماسكا ئارقىلىق نىقابلانغان رايونلارنى قالدۇرۇپ، كرېمنىي پلاستىنكىسىنىڭ نۇر بىلەن ئۇچراشقان يۈزىنى قىرىپ چىقىدۇ. لازىملىق چوڭقۇرلۇقتا قىرىپ چىققاندىن كېيىن، كرېمنىي پلاستىنكىسى ئۈستىدىكى فوتو-قارشىلىق ئېلىپ تاشلىنىدۇ ۋە پلاستىنكا پاكىز يۇيۇلىدۇ. بۇ جەريان، تولۇقلىما مېتال ئوكسىد



5-رەسىم: فوتو ئويۇش باسقۇچى

كرېمنىينىڭ (CMOS) ئوپتىكىلىق ماسكا قەۋەتلىرى ئۈچۈن 10-20 قېتىمغىچە تەكرارلىنىدۇ.



6-رەسىم: پلاستىنكا يۈزىدىكى نۇرغا سەزگۈر رايونلارنى قېزىش

5-باسقۇچ: تولۇق بىر توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ترانزىستورلاردىن تەركىب تاپقاچقا، بۇ ترانزىستورلار كرېمنىي پلاستىنكىسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ 7-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئېلېمېنتلارنى ئارىلاشتۇرۇش جەريانى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئارىلاشتۇرۇش جەريانى ئارقىلىق كرېمنىي پلاستىنكىسىنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىق ياكى قارشىلىق قىممىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق ترانزىستورلار شەكىللىنىدۇ.

6-باسقۇچ: ئىشلەيدىغان توك يولى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئارىلاشتۇرۇش جەريانى ئارقىلىق شەكىللەنگەن ترانزىستورلار ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە ئۇلىنىشى كېرەك. بۇ ئاليۇمىن ياكى مىستىن ياسالغان مېتاللارنى بىر قەۋەت تەلەپكە لايىق قېلىنلىقتا كرېمنىي پلاستىنكىسىنىڭ ئۈستىگە چېچىپ، ئاندىن يەنە ئوپتىكىلىق ماسكا ئارقىلىق ئىشلىتىلمەيدىغان مېتال رايونلارنى قىرىپ، ئىنچىكە سىم ئىزلىرىنى 8-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك توغرا ئۇسۇلدا ئۇلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.



7-رەسىم: ئارىلاشما ئېلېمېنتلارنى بىرلەشتۈرۈش

8-رەسىم: ترانسىزتورلارنى مېتال ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇش



7-باسقۇچ: ئىشلەپچىقىرىلغان كرېمنىي پلاستىنكىسى ئاخىرىدا سىناق باسقۇچىغا كىرىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەر بىر ئۆزەك ئەۋرىشكىسى تەكشۈرۈلۈپ لاياقەتلىك ياكى ناچار ئەۋرىشكە دەپ بەلگە قويۇلىدۇ.

8-باسقۇچ: كرېمنىي پلاستىنكىسى توغرىلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ھەرە بىلەن كېسىلىپ نۇرغۇنلىغان مۇستەقىل بولغان ئايرىم ئۆزەك ئەۋرىشكىسىگە ئايلىنىدۇ (9-رەسىمگە قارالسۇن). ئاندىن لاياقەتلىك ئۆزەك ئەۋرىشكىسى ئوراپ قاچىلىنىش باسقۇچىغا كىرىدۇ.

9-باسقۇچ: 10-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، لاياقەتلىك ئۆزەك ئەۋرىشكىسى ئوراپ قاچىلىنىش تەلپىگە ئۇيغۇن ئورىلىپ بىر ئۆزەك ھالىتىگە كېلىدۇ.



9-رەسىم: كرېمنىي پىلاستىنكىسى كېسىلىپ ئايرىم ئۆزەككە ئايلىنىش

يۇقىرىقىلار پەقەت زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان مىكرو توك يولى ياساشتىكى ئاساسلىق باسقۇچلاردۇر. ئەمما، مىكرو بىر تەرەپ قىلغۇچ (Micro-processor) قاتارلىق نۇرغۇن مۇرەككەپ ئۆزەكلەر 400 گە يېقىن ئىنچىكە باسقۇچلارنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.

## 3. زامانىۋى رەقەملىك كومپيۇتېرلار



10-رەسىم: لاياقەتلىك ئۆزەك ئەۋرىشكىلىرىنى ئوراپ قاچىلاش

هەرقانداق زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان مىكرو توك يولنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلىكى ترانزىستور بولغاچقا، يۇقىرىقى باسقۇچلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، 11-رەسىمدىكىدەك ترانزىستورلار شەكىللىنىدۇ.

يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن قۇرۇلما ئارقىلىق، ترانزىستور توك ئۆتكۈزۈش ۋە توك ئۆتكۈزمەسلىك رولىنى ئوينىيالايدۇ. بۇ چاستوتىنىڭ رولى توك ئۆتكۈزۈش ۋە ئۆتكۈزمەسلىك. بۇ رەقەملىك ئېلېكترونلاردا «0» ۋە «1» ، يەنى بول ئالگېبراسى (Boolean algebra) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يېرىم ئۆتكۈزگۈچ پىلاستىنكىسى ئۆزەككە ياكى توپلاشتۇرۇلغان توك يولغا ئايلاندۇرۇلغاندا نۇرغۇنلىغان ئېلېكتىر يولىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ لىنىيەلەر مىڭلىغان، ھەتتا مىليونلىغان ترانزىستور ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق زاپچاسلىرىنى




11-رەسىم: ترانزىستور قۇرۇلمىسى

تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ ترانزىستورلار يېرىم ئۆتكۈزگۈچتە ئېلېكترونلۇق زەرەتلەرنى ساقلاش ۋە ناھايىتى ئاز ساقلاش ياكى زەرەت ساقلىماسلىق ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بۇ ترانزىستورنىڭ «زەرەت ساقلاش» ياكى «زەرەت ساقلىماسلىق» ئىقتىدارى نەق «ئېلېكتىر چاستوتىنىڭ ئىقتىدارىغا ماس كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەڭ ئاساسىي قاتلامدا، ترانزىستور «توك ئۆتكۈزگۈچ» ياكى «توك ئۆتكۈزمەس» رولىغا ئىگە چاستوتا بولۇپ بۇ «1» ياكى «0» گە قارىتىلغان. بۇ دەل «بىر» ۋە «نۆل» دۇنياسى. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، بىز 0 دىن 9 غىچە بولغان ئونلۇق ساننى ئىشلىتىمىز، ئەمما رەقەملەر دۇنياسىدا قوش ئىككىلىك ئۆلچەم ئىشلىتىلىدۇ، يەنى پەقەتلا 0 ۋە 1. ھەر بىر ھەرپ، سان ياكى تىنىش بەلگىلىرى «بىر» ۋە «نۆل» لىك رەت تەرتىپى بويىچە كودلىنىدۇ. مەسىلەن، ساننى بىلدۈرىدىغان «7» ئىككىلىك رەقەمدە «00000111» دەپ يېزىلىدۇ، چوڭ ھەرپ «B» بولسا «01000010»، كىچىك ھەرپ «b» بولسا «01100010» دەپ يېزىلىدۇ. ئىككىلىك رەقەملىك دۇنيا بولسا، مۇشۇ «1» ۋە «0» ياكى چاستوتىنىڭ «توك ئۆتكۈزۈش» ۋە «توك ئۆتكۈزمەسلىك»ى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا ئىككىلىك رەقەملىك دۇنياسى بولسا چاستوتا دۇنياسى. بۇ ھەر خىل رەقەملىك توك يولى ۋە توپلاشتۇرۇلغان توك يولى، شۇنداقلا فىزىكىلىق چاستوتا ئاساسىدا ياسالغان توك يولىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىككىلىك رەقەملىك ماتېماتىكا زامانىۋى رەقەملىك كومپيۇتېرلار ئاساس قىلغان تىلدۇر۞

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. Semiconductor Basics
2. Electron-hole Pair in Semiconductors
3. Parveen Bangotra, From Sand to Silicon – the Fascinating World of Semiconductors
4. From Sand to Silicon “Making of a Chip” Illustrations


## ئاپتور:


نۇرئەخمەت ئۆمەر، 1987-يىلى قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئېلېكترون ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە 2011-يىلىدا سۇجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇق، 2015-يىلىدا مالايسىيە پۇترا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2018-يىلىغىچە بېيجىڭدا ئېلېكترون ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىگەن. 2018-يىلىدىن باشلاپ كانادا كونكوردىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلېكترون ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇۋاتىدۇ. ئاپتورنىڭ تەتقىقات ساھەسى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئېلېكترونىكىسى، تەقلىدى ۋە رەقەملىك زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولى لايىھەلەش.

(nurahmed@ieee.org)

# خىمىيە توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

ئىلياس قاسىم، ئابدۇلھەكىم باقى

قىسقىچە مەزمۇنى: نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خىمىيە دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىسا تەبىئىيلا كاللىسىغا تەجرىبەخانىلاردىكى خىمىيەۋىلىك دورىلار، خىمىيە ـ سانائەت زاۋۇتلىرى ۋە ياكى خىمىيەۋىلىك رېئاكسىيەلەر، فورمۇلالار كۆز ئالدىغا كېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر قىسىم كىشىلەردە خىمىيەگە بولغان ئۇقۇم ۋە كۆندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت ئاددىي خىمىيە بىلىملىرى كەمچىل بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلغان ۋە ماددىي تۇرمۇش ناھايىتىمۇ مول بولغان بىر جەمئىيەتتە ، ئەڭ ئەقەللىي خىمىيە بىلىملىرىنى بىلىش ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ماقالىدا، خىمىيە پەنلىرى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرەلەر قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، خىمىيە توغرۇلۇق ئاساسىي (دەسلەپكى) چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئاساسىي مەقسەت قىلىندى.

خىمىيە پەنى توغرىسىدا بىرئاز پەرقلىق ئېنىقلىمىلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە «خىمىيە، ماددىلار ۋە ماددىلار ئارىسىدىكى خىمىيەۋىلىك رېئاكسىيەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن» دېگەن ئېنىقلىما بىر قەدەر ئومۇملاشقان ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. تولۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، خىمىيە، ماددىنىڭ تەركىبى، تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيىتى، ۋە ئۆزگىرىش (رېئاكسىيە ئارقىلىق) قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پەندۇر. بۇ يەردىكى ماددا دېگەنلىك، بەلگىلىك ماسسىسى بار ۋە ھەجمى بىلەن بوشلۇقنى ئىگەللەيدىغان ھەر قانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسە ماددىدىن ئىبارەت بولۇپ، خىمىيەنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىمىيە پەنىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ، فىزىكا، گېئولوگىيە ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر پەن بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبتىن بەزى ماتېرىياللاردا خىمىيەنى مەركىزى پەن (Central Science) دەپمۇ ئاتايدۇ[1]. شۇنى تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇكى، كائىناتتىكى بارلىق ماددىلار خىمىيەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولىدۇ. خىمىيە ھەر يەردە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ھەتتا بەدىنىمىزدىكى مېتابولىزم دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزگىرىشتىمۇ خىمىيەلىك رېئاكسىيەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

كائىناتتىكى تۈرلۈك-تۈمەن ماددىلارنى تۈزگۈچى ئەڭ كىچىك بىرلىك ئاتوم دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتوم ئۆزىنىڭ يادروسىدىكى پروتون ۋە نېيترون، شۇنداقلا يادروسى سىرتىدىكى ئېلېكترونلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. پروتون سانلىرى ئوخشاش بولغان بىر تۈردىكى ئاتوملار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېلېمېنت دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتوملارنىڭ بىرىكىشى (گۇرۇپپىلىنىشى) نەتىجىسىدە مولېكۇلالار ۋە بىرىكمىلەر ھاسىل بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ماددا مەيلى تەبىئىي مەۋجۇت بولغان بولسۇن ياكى سۈنئىي بىرىكتۈرۈلگەن بولسۇن، بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغان ئاتوم يەنى ئېلېمېنتتىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. گەرچە ئاتوم ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بولغان پروتون، نېيترون ۋە ئېلېكترون قاتارلىق بىر نەچچە خىل زەررىچىلەردىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ (1-رەسىمگە قارالسۇن)، ئۇ ھەرقانداق بىر خىمىيەۋىلىك ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك ۋە ئاساسىي قۇرغۇچىسىدۇر. خىمىيە ئىلمى، ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئاساسلىقى ئۇلارنى تۈزگۈچى زەررىچىلەر

بولغان ئاتوم ۋە مولېكۇلا نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدۇ. (ماددىلارنى تۈزگۈچى زەررىچىلەر ۋە خىمىيەلىك تەتقىقات ئۇسۇللىرى توغرىسىدا كېيىنكى ساندا باشقا بىر ماقالىدا مەخسۇس توختىلىمىز.)

خىمىيەنى تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىغا ئاساسەن چوڭ جەھەتتىن بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ تۈرلەر يەنە ئۆز تۈرى ئىچىدىن كىچىك تارماق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. خىمىيە ئىلمىنىڭ تەپسىلىي تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى تۆۋەندىكىچە:




1-رەسىم . بور ئاتوم مودېلى

| | | |
|---|---|---|
| خىمىيە | ئورگانىك خىمىيە (كاربون خىمىيەسى) | يېمەكلىك خىمىيەسى<br>تېببىي دورا خىمىيەسى *<br>يېقىلغۇ (يەر بايلىقلىرى/ نېفىت خىمىيەسى)<br>تەبىئىي مەھسۇلاتلار (مەسىلەن ئۆيغۇر تېبابەت دورىلىرى) خىمىيەسى<br>پولىمېر خىمىيەسى * |
| | ئانئورگانىك خىمىيە | ماتېرىيال خىمىيەسى (نانو ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)<br>گېئوخىمىيە<br>مېتال-ئورگانىك خىمىيەسى *(بەزىدە ئورگانىك خىمىيە تارمىقىدا)<br>يادرو خىمىيەسى |
| | ئانالىز خىمىيە | سۈپەت ئانالىزى<br>مىقدار ئانالىزى |
| | فىزىكا-خىمىيە | فوتو خىمىيەسى<br>ئېلېكتىر خىمىيەسى<br>ئۈستى يۈز خىمىيەسى، كوررۇزىيىلىنىش<br>كۋانت خىمىيەسى |
| | بىئو-خىمىيە | تېببىي خىمىيە*<br>قانۇن دوختۇرلۇق خىمىيەسى |

ئورگانىك خىمىيەنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئاساسلىقى، كاربون ھىدرىدلار (كاربون ۋە ھىدروگېندىنلا تۈزۈلگەن بىرىكمە ماددىلار) ۋە كاربون ۋە ھىدروگېننى ئاساس قىلىپ باشقا ئېلېمېنتلارنى (يەنى، ئوكسىگېن، ئازوت، ۋە فوسفور قاتارلىقلار) قوشۇمچە قىلغان بىرىكمە ماددىلاردىن ئىبارەت. ئاشخانىلىرىمىزدا تاماق ئەتكەندە ئىشلىتىدىغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى (LPG)، ئۈچ ياكى تۆت كاربون ئاتومنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان كاربون ھىدرىدلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئورگانىك ماددىنىڭ تىپىك مىسالىدىن بىرىدۇر. ئانئورگانىك خىمىيەنىڭ تەتقىقات دائىرىسى، ئورگانىك بىرىكمە ماددىلاردىن باشقا بارلىق خىمىيەۋىلىك بىرىكمە ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان تۇز (NaCl)، دەل ئانئورگانىك بىرىكمە ماددىنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر. ئانالىز خىمىيەسى، ھەرخىل ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر ۋە ھەر خىل ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىشلىتىش ئارقىلىق ماددىنى ئايرىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ماددىنىڭ مىقدارىنى سانلىق ئانالىز قىلىشنى ئاساسىي تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. فىزىكا-خىمىيە بولسا، خىمىيەۋىلىك سىستېمىنىڭ ماكرو، زەررىچە ۋە ھادىسىلىرىنى فىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەر ۋە پرىنسىپ-قانۇنىيەتلەر بىلەن تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلغان. بىئو-خىمىيەنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى بولسا، جانلىق ئورگانىزملارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە شۇنىڭدا يۈز بېرىۋاتقان خىمىيەۋىلىك جەريانلاردۇر، شۇڭلاشقا، بىئو-خىمىيە بەزىدە بىئولوگىيەلىك خىمىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاشقازىنىمىزدىكى گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئامىنو كىسلاتا بىرلىكىگە پارچىلىنىپ، ئاندىن ئۇلار قايتا بىرىكىپ بەدىنىمىز ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل ئاقسىللارغا ئايلىنىشى ۋە ياكى بىزنىڭ ساغلاملىقىمىزغا ئېھتىياجلىق بولغان دورىلار ۋە بويۇملار، بىئو-خىمىيە ۋە تەبىئىي مەھسۇلات خىمىيەسىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر .

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، خىمىيەدىكى بەزى تۈرلەر ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چېگرا يوق بولۇپ، بۇلار بىر-بىرى بىلەن ئۆز-ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ۋە بىر-بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، مۇھىت خىمىيەسى، ھەم ئورگانىك خىمىيە ھەم ئانئورگانىك خىمىيە، شۇنداقلا يېمەكلىك خىمىيەسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ھەممە نەرسە ئەمەلىيەتتە خىمىيەلىك ماددىلاردىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. شۇڭا، «بۇ مەھسۇلاتتا خىمىيەلىك ماددا يوق» دېگەن ئېلانلار ئىلمىي جەھەتتىن بىمەنە سۆزلەردۇر.

تۆۋەندە بىز نۇقتىلىق ھالدا خىمىيەنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە قوللىنىلىشى ۋە خىمىيە ئارقىلىق قانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

خىمىيە، سانائەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، قاتناش-ترانسپورت، مۇھىت-ئاسراش ساھەلىرىدە، يېزا ئىگىلىكىدە، خىمىيەلىك بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىمىيەلىك دورا ياساشتا، شەھەرلەردە يەتكۈزۈلىۋاتقان ئىچىملىك سۇ تازىلاش جەريانىدا، شۇنداقلا تېبابەتچىلىك ۋە ئېنېرگىيە قاتارلىق ساھەلەردە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ2. ئومۇمەن يەر شارىدىكى ھەممە نەرسە، ھەتتا قۇياش سىستېمىسىغىچە بولغان پۈتۈن ماددىلار خىمىيەلىك ماددىلاردىن تۈزۈلگەن. شۇ سەۋەبتىن، بەزى ماتېرىياللاردا (دەرسلىكلەردە) يەر شارىنى خىمىيەلىك يەر شارى دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە، خىمىيەنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىشىنىڭ مۇھىم بىر مىسالى بولغان بىخەتەر ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى پاسكىنا سۇ بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتلىرى قانداق ئىشلەيدۇ؟ (ئىنگلىز تىلىدا) دېگەن سىن فىلىمنى كۆرۈپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز[2].

خىمىيە مېتاللورگىيەدە مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. مېتاللار يەر قاتلىمىدا خىمىيەۋىلىك رېئاكتىپلىقىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، يەرلىك مېتال (ئېلمېنت) ياكى مىنېرال رودا ھالەتلىرىدە ساقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەر رېئاكتىپلىقى ئەڭ تۆۋەن مېتاللار بولۇپ، كۆپىنچە يەرلىك مېتال ھالەتتە ساقلىنىدۇ. تۆمۈر ۋە ئاليۇمىنلار نىسبەتەن رېئاكتىپ مېتال بولغاچقا، مىنېرال رودا ھالەتتە ساقلىنىدۇ. مېتاللار، بىز ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان ھالەتكە كېلىشتىن بۇرۇن بىر قاتار خىمىيەۋىلىك ۋە فىزىكىلىق ئايرىش، ئېلېكترولىزلاش، كاربونسىزلاندۇرۇش (Carbon reduction) ۋە ساپلاندۇرۇش قاتارلىق خىمىيەۋىلىك تاۋلاش

جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

خىمىيە ھەر خىل ماتېرىياللارنى ئايرىپ چىقىش ۋە ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. بىز ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىدىغان سولىياۋ بۇيۇملار، يىپەك ۋە پاختا قاتارلىق تەبىئىي ماتېرىياللاردىن باشقا ماتېرىياللاردا ياسالغان رەخت، كىيىم كېچەكلەر (مەسىلەن نىيلوك، پولىئېستېر)، ھەتتا بىر قىسىم ئەينەكلەرنىڭ ھەممىسى پولىمېر ماتېرىياللار (يەنى يۇقىرى مولېكۇلالىق ماتېرىياللار) قاتارىغا كىرىدىغان بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار ئاساسلىقى نېفىتتىن ئايرىپ بىرىكتۈرۈلۈپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېلاستومېر مەلۇم دەرىجىدە ئېلاستىكىلىققا ئىگە پولىمېر ماتېرىيال بولۇپ، (بۇنىڭدىن ياسالغان تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئىشلىتىدىغان بۇيۇملاردىن رېزىنكە، بالون دېگەندەك نەرسىلەر بار. يەنە بىرىكتۈرۈلگەن تالالارمۇ پولىمېر ماتېرىيال ئائىلىسىگە تەۋە) تۇرمۇشىمىزدىكى ئىنتايىن كۆپ ساھەلەردە ئىشلىتىلىدۇ. پولىمېر، نۇرغۇنلىغان كىچىك مولېكۇلالارنىڭ خىمىيەۋىلىك رېئاكسىيەلىشىشىدە نەچچە يۈز مىڭ مولېكۇلالارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، ھەرخىل بۇيۇملارنى ياساشتا تەييار ھالەتكە كېلىدۇ.

خىمىيە ھازىرقى زاماندىكى ھەربىي ئىشلاردا قوللىنىدىغان قورال-ياراغ ۋە ئۈسكۈنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. كىچىككى تاپانچا، پېلىمۇتلاردىن تارتىپ، چوڭگى راكېتا ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىغىچە ھەممىسىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى نىسبەتەن ئوخشاش. ئوق-دورا ۋە ياكى يېقىلغۇ ماتېرىيال ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىمىيەۋىلىك رېئاكسىيە بىلەن غايەت زور ھەجىمدىكى گاز ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق، ئوق ياكى راكېتاغا قوزغاتقۇچ كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. بومبىنىڭ پارتىلىشىغا سەۋەپ بولىدىغىنى يەنىلا قىسقا ۋاقىتتا رېئاكسىيەدىن پەيدا بولغان غايەت زور گازنىڭ مەلۇم بېسىمغا يەتكەندە پارتىلىشى، يۇقىرى تېمپېراتۇرالىق ئوت يالقۇنى، رادىئوئاكتىپلىق ماددا ۋە نۇر ھاسىل قىلىش بىلەن بىرگە شىددەتلىك بۇزغۇنچىلىق كۈچىگە ئىگە بولۇشىدۇر .

ئەلۋەتتە، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك مەلۇم بىر خىمىيە تۈرىنىڭ تېما ياكى ساھەسى، نوقۇل ھالدا خىمىيەنىڭ بىر تۈرىگىلا تەۋە بولماستىن، بەلكى بىر نەچچە تۈرگە ئورتاق چېتىشلىق بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، گەرچە بىز ئۈستىدە خىمىيەنىڭ راكېتادا قوللىنىدىغانلىقىنى ئەمەلىي مىسال بىلەن سۆزلەپ ئۆتكەن بولساقمۇ، راكېتا ئىلمى خىمىيەدىن باشقا يەنە فىزىكا، ماتېماتىكا، ئېلېكتىر ئىنجېنېرلىقى ۋە مېخانىكا ئىنجېنېرلىقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىلىمنىڭ ئورتاق مۇجەسسەملىنىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر۞


پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. Brown, T. L. et al. Chemistry: The Central Science. 3rd edition (2013)
2. How Do Wastewater Treatment Plants Work?



ئاپتورلار:

ئىلياس قاسىم ئاۋستىرالىيە سىيدنىي ئۇنىۋېرستېتىدا ماتېرىيال خىمىيىسى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغان.

ئابدۇلھەكىم باقى ھازىر ئاۋستىرالىيەدىكى ۋوللونگوڭ ئۇنىۋېرستېتىدا فىزىكا پەنلىرى دوكتورانتى.

(abake@uow.edu.au)

# ئالەم نۇرى مۇئونلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى

مەھمۇدجان لتىپ

قىسقىچە مەزمۇنى: مۇئون توموگرافىيسى بولسا، ئالەم بوشلۇقىدىن يەر يۈزىگە توختىماي يېغىپ تۇرۇۋاتقان يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك مۇئونلارنىڭ ماددىلار بىلەن تەسىرلىشىش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ، جىسىمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنىڭ ئىككى ۋە ئۈچ ئۆلچەملىك رەسىمىنى هاسىل قىلىش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت. بۇ تېخنىكىنىڭ ئىككى مۇھىم نوقتىسى، تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى بىلەن ئۆلچەش ۋە هېسابلاش ئالگورىزملىرى بىلەن جىسىمنىڭ تەسۋىرىنى هاسىل قىلىش بولۇپ، بۇ ماقالىدە مۇشۇ ئىككى نوقتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئالەم نۇرى مۇئونلىرى ۋە مۇئون توموگرافىيە تېخنىكىسى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىلىدۇ.

يەر شارى ئالەم بوشلۇقىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن دۇنيا ئاتموسفېرا قاتلىمىغا كىرىدىغان يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك زەررىچىلەر بىلەن توختىماي بومباردىمان قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئالەم بوشلۇقىدىن يەر يۈزىگە يېغىپ تۇرىۋاتقان بۇ زەرىچىلەرنى ئالەم رادىئاتسىيەسى دەپ ئاتايمىز. ئالەم نۇرىنىڭ ئېنىرگىيسى ناهايتى يۇقىرى بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ نەچچە يۈز مېگا ئېلېكترون ۋولت بولىدۇ.[I]




بىرلەمچى ئالەم نۇرىنىڭ يۇقىرى ئاتموسفىراغا كىرىشى ۋە ئىككىلەمچى ئالەم نۇرى زەرىچىلىرىنى شەكىللەندۈرۈشى.

ئالەم نۇرى، بىرلەمچى ئالەم نۇرى ۋە ئىككىلەمچى ئالەم نۇرى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. بىرلەمچى ئالەم نۇرى، يەرشارى ئاتموسفراسىغا ئالەم بوشلۇقىدىن بىۋاسىتە يېتىپ كېلىۋاتقان مۇتلەق كۆپ پىرسەنتىنى ئېگەللەيدىغان هېدروگېن يادروسىدۇر ۋە هېدروگېن يادروسى پروتوندىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. پروتون، ئاتوم يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى زەررىچە بولۇپ،

I ئېلېكترون ۋولت ئېنېرگىيەنىڭ بىرلىكى بولۇپ، تولىمۇ كىچىك بىرلىك. بىر ئېلېكترون ۋولت $1.602\times10^{-19}$ جوئول بولىدۇ. مېگا ئېلېكترون ۋولت دېگىنىمىز بىر ئېلېكترون ۋولتىنىڭ مىليون هەسسىسىگە تەڭ.

كۋاركتىن تۈزۈلىدۇ[I]. بۇ ھېدروگېن يادرولىرىنىڭ يەر شارى ئاتموسفراسى بىلەن تەسىرلىشىپ ھاسىل بولغان يېڭى زەررىچىلەر بولسا ئىككىلەمچى ئالەم نۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. يەرشارى ئاتموسفېراسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا يېتىپ كەلگەن يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك بىرلەمچى ئالەم نۇرى ئاتموسفرا زەررىچىلىرىنىڭ يادروسى بىلەن ئۆز-ئارا تەسىرلىشىشىدىن كېيىن زەنجىرسىمان ھالەتتە يېڭى زەررىچىلەر ھاسىل بولىدۇ ۋە يەر يۈزىگە قاراپ ئاقىدۇ. بۇ خۇددى بۇلۇتتىن يامغۇر تۆكۈلگەنگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، بۇنى بىز «زەررىچە يامغۇرى» دەپ ئاتايمىز. بەزىدە تېخمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن «ھاۋا مۇنچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندىكى رەسىمدە «زەررىچە يامغۇرى» نىڭ دىئاگراممىسى كۆرسىتىلدى.



ئىككىلەمچى ئالەم نۇرلىرى خۇددى ئاتموسفىرانىڭ يۇقىرى قاتلىرىدىن چۈشۈۋاتقان «ھاۋا مۇنچىسى» غا ئوخشايدۇ.

«زەررىچە يامغۇرى» تەركىبىدىكى زەررىچىلەر، «تەكشۈرۈش ئەسۋابى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسۋابلار بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ. تەكشۈرۈش ئەسۋابى ئادەتتە نۇرغا ۋە ياكى باشقا زەررىچىلەرگە سېزىمچان ماتېرىياللاردىن

ياسالغان ئۆلچەش تاختىسى ۋە يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك سەزگۈچلەر[II] بىلەن ئېلېكترونلۇق توك يوللىرىدىن تەركىپ تاپقان ئۈسكۈنىدىن ئىبارەت بولۇپ، زەرەتلىك زەررىچىلەر بۇ تاختىدىن ئۆتكەندە مەزكۇر تاختىنىڭ ئاتوملىرىنى قوزغىتىپ پارلاق نۇر ھاسىل قىلىدۇ. بۇ نۇر ئىنچىكە ئوپتىك كابىللار ئارقىلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللاردىن ياسالغان سەزگۈچلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ شەكىلدە، بۇ زەررىچىنىڭ تاختىنى تېشىپ ئۆتكەن چاغدىكى ئورنى ۋە ئېنېرگىيەسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

«زەررىچە يامغۇرى» نىڭ ئىچىدە ماددىلارنى تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى مۇئونلار بولۇپ، مۇئونلار ئاساسىي زەررىچىلەر ئائىلىسى ئىچىدە لەپتون ئائىلىسىگە تەۋە. يەنى، بىز بىلىدىغان ئېلېكترونلار بىلەن بىر ئائىلىگە مەنسۇپ. مۇئونلارنى ئېلېكترونلارغا سېلىشتۇرغاندا، تەخمىنەن 200 ھەسسە ئېغىر ۋە نىسبەتەن تۇراقسىز بولۇپ، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. مۇئونلارنىڭ تىنچ تۇرغاندىكى ئوتتۇرىچە ئۆمرى تەخمىنەن 2.2 مىكرو سېكۇنت[III] بولسىمۇ، نۇر تېزلىكىگە يېقىن بىر تېزلىكتە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بۇ زەررىچىلەر نىسپىيلىك پرىنسىپى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئۇزۇنىراق بولىدۇ[2] ۋە مۇئونلارنىڭ زور بىر قىسمى يەر يۈزىگىچە يېتىپ كېلەلەيدۇ. يەر يۈزىگە يېتىپ كەلگەن مۇئونلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېنېرگىيەسى تەخمىنەن 4 گىگا ئېلېكترون ۋولت[IV] بولۇپ، گورىزونتال تەكشۈرۈش ئەسۋابىنىڭ

I كۋاركلار بولسا، ھازىرغىچە بايقالغان ماددي ئالەمنى تۈزگۈچى ئەڭ ئاساسىي زەرىچىلەر بولۇپ، ئاتومنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئېلېكترون ۋە مۇئونلاردىن ئىبارەت ئاساسى زەرىچىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار لەپتونلار دەپ ئاتىلىدۇ.

II يېرىم ئۆتكۈزگۈچ بولمىغان سەزگۈچ ئەسۋاپلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ھازىرقى ئەڭ ئىلغار سەزگۈچلەر يېرىم ئۆتلۈزگۈچلۈك ماتېرىياللاردىن ياسالغان سەزگۈچلەردىن ئىبارەت. بۇ سەزگۈچلەرنىڭ ئىنگلىزچە ئاتىلىشى SiPM.

III بىر مىكرو سېكونت مىلىيوندىن بىر سېكونتقا تەڭ.

IV بىر گېگا ئېلېكترون ۋولت بىر مىليارد ئېلېكترون ۋولتقا تەڭ بولىدۇ.

بىر سانتىمېتر كېلىدىغان يۈزىنى مىنۇتىغا بىر تال مۇئون كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ تەخمىنەن بىر تال ئالەم نۇرى مۇئونى مىنۇتىغا بىر ئىنساننىڭ ئالقىنىچىلىك يەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ دېگەنلىكتۇر[3].

مۇئون توموگرافىيىسى بولسا، مۇئونلارنىڭ ماددىلار بىلەن تەسىرلىشىش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئالەم نۇرى مۇئونلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ جىسىملارنىڭ ئىككى ۋە ياكى ئۈچ ئۆلچەملىك تەسۋىرىنى ھاسىل قىلىش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت. بۇنى تەسەۋۋۇرىمىزدا جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئايرودۇرۇملاردا چامادانلارنى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزىدىغان ئۇسكۇنىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك بولىدۇ. چامادان ئۇسكۇنىدىن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا كومپيۇتېر ئېكرانىدا چاماداننىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئەگەر چامادانىدا خەتەرلىك بويۇملار بولۇپ قالسا، ئۇنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ يوشۇرۇن خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسكۇنە دەل دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان رىنتگېن نۇرى ئۇسكۇنىسىنىڭ پرىنسىپىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىنسان بەدىنىگە رىنتگېن نۇرى (ياكى X نۇرى) چۈشۈرۈلگەندە، يۇمشاق توقۇلمىلاردىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن نۇر سۆڭەككە ئوخشاش زىچ توقۇلمىلاردا توختاپ قالغانلىقى ئۈچۈن سۆڭەكنىڭ سايىسىنى رەسىمگە تارتقىلى بولىدۇ. ئايرودۇرۇملاردىكى بۇ ئۇسكۇنىمۇ ئوخشاش پرىنسىپنى قوللىنىدۇ. مۇئون توموگرافىيىسى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تېخنىكا بولۇپ، تاموژنا ئېغىزلىرىدىكى يۈك ئاپتوموبىللىرىنى تەكشۈرۈشلەردە قوللىنىلىدۇ. بۇ تېخنىكىدا X نۇرىنىڭ ئورنىغا ئاسمان بوشلۇقىدىن تەبىئىي ھالدا يېغىپ تۇرۇۋاتقان مۇئونلار قوللىنىلغاچقا مۇئون توموگرافىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇئون توموگرافىيىسىنىڭ كىلاسسىك توموگرافىيەدىن پەرقلىنىدىغان ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرى شۇكى، X نۇرى ۋە ئۇنى كونترول قىلىدىغان تېخنىك خادىمغا ئېھتىياج بولمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ بىخەتەر بولىدۇ. شۇنداقلا، مۇئون توموگرافىيىسىدە ئىككى ئۆلچەملىك رەسىم ھاسىل قىلىشتىن باشقا، ئۈچ ئۆلچەملىك رەسىمنىمۇ ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ھەتتا، تەكشۈرۈلگەن خەتەرلىك جىسىمنىڭ قانداق ماددا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مۇئون توموگرافىيىسى ھازىرقى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە يېڭى تېخنىكا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



مۇئون توموگرافىيە سىستېمىسىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، مۇئون توموگرافىيىسى بىلەن تەكشۈرۈش ئۇسكۇنىلىرى سىستېمىسىنىڭ ئۆز ئارا ئارىلىقى ئەڭ ئاز ئۈچ مېتىر بولغان ئىككى جۈپ ئىز قوغلاش ئۇسكۇنىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر بىر تال تەكشۈرۈش تاختىسىنىڭ چوڭلۇقى 12 كۋادرات مېتىر بولۇپ، خەلقئارا تاموژنىلاردا تەكشۈرۈلىدىغان يۈك ماشىنىلىرىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئوخشاش قىلىپ لايىھەلەنگەن[4]. رېئال تۇرمۇشتىكى تەكشۈرۈش سىستېمىسىدا يەنە ھەر بىر تال

پارلاق تاختىنىڭ ئىككى يۈزىگە 5 مىللىمېتىر ئارلىقتا ئويۇقلار ئويۇلۇپ، نۇر كابىللار يەرلەشتۈرۈلگەن. ھەمدە، نۇر كابىلىنىڭ ئىككى ئۇچىغا نۇر سەزگۈچ ئەسۋابلىرى بېكىتىلگەن بولىدۇ. بۇلار ئارقىلىق ئالغان نۇرى مۇئونلىرىنىڭ ھەر بىر تال تەكشۈرۈش تاختىسىدىن ئۆتۈش نوقتىسى، مۇئونلارنىڭ ئېنېرگىيەسى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، مۇئونلارنىڭ تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى سىستېمىسى ئىچىدىكى جىسىمدىن ئۆتكەندىكى ئېغىش بۇلۇڭىنى ھېسابلاپ چىققىلى ۋە مەزكۇر جىسىمنىڭ ئىككى ئۆلچەملىك ياكى ئۈچ ئۆلچەملىك رەسىمىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئېغىش بۇلۇڭىنىڭ مۇھىم بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، مۇئونلارنىڭ ئېغىش بۇلۇڭى ماددىلارنىڭ ئاتوم رەت نومۇرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئېغىر ماددىلاردىن ئېغىش بۇلۇڭى چوڭ، يېنىك ماددىلاردىن ئېغىش بۇلۇڭى كىچىك بولىدۇ. 3-رەسىمدە مۇئونلارنىڭ ئوخشىمىغان ماددىلاردىن ئېغىش بۇلۇڭلىرىنىڭ سىلىشتۇرما گرافىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ گرافىك Geant4 پروگراممىسى ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلغان.[5]

Geant4 بولسا، C++ پروگراممىدا تىلىنى ئاساس قىلغان مونتېكارلو تەقلىدلەش پروگراممىسى[7,6] بولۇپ، زەررىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماددىلار بىلەن ئۆز-ئارا تەسىر قىلىشىنى مودېللاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇ پروگراممىدا ياۋروپا يادرو تەتقىقات مەركىزى[8] (CERN) دىكى فىزىكچىلار تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىرىلغان بولۇپ، يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى، يادرو فىزىكا تەجرىبىسى، ئاسترونومىيە، ئالەم تېخنولوگىيەسى ۋە تېببىي فىزىكا قاتارلىق كۆپ خىل ساھەدە ئىشلىتىلىدۇ.



ئۇزۇنلۇقى ۋە قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر بولغان ئوخشىمىغان تۆت خىل مېتال كۇپتىن مۇئونلارنىڭ چېچىلىشىدىن مۇئون ئىزلىرىدىكى ئېغىش بۇلۇڭلىرىنىڭ سىلىشتۇرما گرافىكى.

Geant4 تەقلىدلەش پروگراممىسى بىلەن ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ۋە ئالەم نۇرى مۇئونلىرىنىڭ بۇ ئەسۋابلار ۋە ئارىسىدىكى ماددىلار بىلەن تەسىرلىشىش جەريانىنى رېئاللىققا ئەڭ يېقىن شەكىلدە تەقلىدلىگىلى بولىدۇ. تەقلىدلەش پروگراممىسىدىن ئېرىشىلگەن سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، بەلگىلىك ھېسابلاش ئالگورىزمىنى قوللىنىش ئارقىلىق، جىسىمنىڭ ئىككى ئۆلچەملىك ۋە ئۈچ ئۆلچەملىك رەسىمىنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە تۆۋەندىكى رەسىم؛ سول تەرىپىدە كومپيۇتېردا Geant4 پروگراممىسى ئارقىلىق تەقلىدىي ھالدا سىزىپ چىقىرىلغان مۇئون توموگرافىيە سىستېمىسىدىكى تۆت تال ئۆلچەش ئەسۋابى ۋە بۇ ئەسۋابلارنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان «MUON» شەكىللىك قوغۇشۇن ھەرپلەر، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر بولغان كۇپ شەكىللىك تۆت تال نىشان ( ئالىيومىن ، تۆمۈر، قوغۇشۇن ۋە ئۇران) ۋە ئوتتۇرىسىدا تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر بولغان قوغۇشۇننىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان سىلىندىر شەكىللىك ئۇران كۆرسىتىلگەن. ئوتتۇرىدا بولسا، كومپيۇتېر پروگراممىسى ئارقىلىق تەقلىدىي ھاسىل قىلىنغان مۇئونلارنىڭ سىستېمىدىن تېشىپ ئۆتۈشى كۆرسىتىلگەن. ئوڭ تەرەپتە ماس ھالدا POCA[9] ۋە SSP ئالگورىزملىرى ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىرىلغان ئىككى ئۆلچەملىك

توموگرافىيەلىك رەسىملەر كۆرسىتىلگەن.




تۆت خىل كۆپ شەكىللىك ئېغىر مېتاللىڭ SSP (يالغۇز نۇقتىدا چېچىلىش، Single Scattering Point)، ئالگورىزمى بىلەن ھېسابلاپ چىقىرىلغان ئىككى ئۆلچەملىك رەسىمى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇئون توموگرافىيە سىستېمىسى ئاساسەن تۆت تال مۇئون ئۆلچىگۈچ تاختىدىن تۈزۈلىدۇ[I]. مۇئونلار بۇ تاختىلارنى تېشىپ ئۆتكەندە تاختىلار بىلەن تەسىرلىشىپ ئوپتىك نۇر ھاسىل قىلىدۇ ۋە نۇر سەزگۈچلەر تەرىپىدىن ئېلېكتىر سىگنالغا ئايلاندۇرۇلۇپ، كومپيۇتېرنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئۇچۇرلاردىن مۇئونلارنىڭ تاختىلارنى كېسىپ ئۆتۈش نوقتىلىرىنى ۋە ئېنېرگىيەلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاخىرىدا بەلگىلىك ھېسابلاش ئالگورىزمى ئارقىلىق مۇئونلارنىڭ سىستېمىدىن ئۆتكەندىكى ئوتتۇرىچە ئېغىش بۇلۇڭىنى ھېسابلىغىلى، شۇنداقلا ئىككى ئۆلچەملىك رەسىمنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ.

مۇئون توموگرافىيەسى نۆۋەتتە دۇنيانىڭ پەرقلىق يەرلىرىدىكى تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى تەرىپىدىن داۋاملىق تەتقىق قىلىنماقتا. چۈنكى، مۇئون توموگرافىيە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى تاموژنىلاردا قوللىنىلىۋاتقان كلاسسىك ئۇسۇلنىڭ ئىشەنچسىزلىك، قولايسىزلىق ۋە خەتەرلىك بولۇشتەك بىر قاتار مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يادرو يېقىلغۇ قالدۇقلىرىنى تەكشۈرۈشتە مەزكۇر تېخنىكا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ۞

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. Gaisser, T. K. et al. Cosmic Rays and Particle Physics (second edition), Cambridge University Press (2016).

2. Patrignani C. et al. (Particle Data Group), *Chin. Phys. C* **40**, 100001 (2016).

3. Grieder, P. K. F. Cosmic Rays at Earth. Elsevier, New York, (2001).

4. Bandieramonte, M. et al, A large area cosmic ray detector for the inspection of hidden high-Z materials inside containers. (2013).

5. Hohlmann, M. et al. GEANT4 Simulation of a Cosmic Ray Muon Tomography System With Micro-Pat-


I بۇ تاختىلار ئالاھىدە پارلىداق ماتېرىيالدىن ياسالغان تاختىلار بولۇپ، بۇ تاختىلارغا ئوپتىك كابېللار ۋە يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك نۇر سەزگۈچلەر بېكىتىلگەن بولىدۇ.

tern Gas Detectors for the Detection of High-Z Materials. *IEEE Transactions on Nuclear Science* **56**, 1356 (2009).

6. Agostinelli, S. et al. GEANT4 – a simulation tool kit. *Nucl. Instrum. Meth. A* **506**, 250 (2003).

7. Allison, J. et al. GEANT4 developments and applications, *IEEE Trans. Nucl. Sc.* **53**, 270 (2006).

8. Chagren, S. et al, Efficiency transfer using the GEANT4 code of CERN for HPGe gamma spectrometry. *Applied Radiation and Isotopes* **107,** 359 (2016).

9. Schultz, L. J. et al. Image reconstruction and material Z discrimination via cosmic ray muon radiography. *Nucl. Instrum. Meth. A* **519**, 687 (2004).

ئاپتور:

فىزىكا پەنلەر دوكتورى.

mahmutjan.litip@gmail.com

# سپىنترونىك ئىلمى، كومپيۇتېرلارنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى

## ئېلېكترون كونترولدىن سپىن كونترولغا

بارات ئاچىنۇق

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە كومپيۇتېر مېڭىسىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپىدىكى ئاساسى بىرلىككە ئاددى ئۇقۇم بېرىپ، نۆۋەتتە كومپيۇتېر مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلار ۋە بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى مەركەزلىك تەتقىقات يۆنىلىشى بولغان سپىنترونىك (spintronics) ئىلمىگە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىمىز.

ئېلېكترون، بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇشىمىزغا ھەممىدىن يېقىن ئىنتايىن كىچىك بىر زەررىچە[I]. بىز ئادەتتە قوللىنىدىغان توك (ئېلېكتىر)، تىرلىيون-تىرلىيونلىغان ئېلېكترونلارنىڭ توك يوللىرى، سىملىرىدىكى ئېقىمىدىن ئىبارەت. ئائىلىدىكى توك ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنىلەردىن تارتىپ قولىمىزدىكى تېلېفونلارغىچە شۇ ئېلېكترونلارنىڭ ئېقىمىنى ئاساس قىلىدۇ. لامپۇچكا، توك ئوچاق قاتارلىقلاردا ئېلېكترون ئېقىمىنى ئېنېرگىيە قىلىپ ئىشلەتسەك، كومپيۇتېر ۋە ئەقلى تېلېفونلاردا ھەم ئېنېرگىيە مەنبەسى ھەم لوگىكا-ھېسابلاش، يەنى سۈنئىي مېڭىنىڭ ئاساسي بىرلىكى قىلىپ ئىشلىتىمىز. كومپيۇتېردا سۈنئىي ئەقىلنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىمىز؟ ئاڭلىماققا ئاددى، يەنى مەلۇم توك يولىدا (بىر تال توك ئۆتكۈزگۈچتە) توك بار بولۇشىنى بىر ھالەت، توك يوق بولۇشىنى يەنە بىر ھالەت قىلىپ شەرتلىك بەلگە ئىشلىتىش[II]. مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىككى ھالەت يەتمەيدۇ، بۇ يەردە سىز باشقىلارغا بار ياكى يوق ئىككىلا خىل ئۇچۇر ئەۋەتەلەيسىز. بۇنى ھەم بىر ئېرىققا ئوخشاتساق بولىدۇ، ئېرىقتىكى سۇ ئېگىزدىن پەسكە بىر يۆنىلىشتىلا ئاقىدۇ؛ ئېرىقتا سۇنىڭ بولۇشى بىر خىل ھالەت، سۇنىڭ بولماسلىقى يەنە بىر خىل ھالەت. ئەگەر بىز مۇشۇنداق ئېرىقتىن سەككىزنى يانمۇ يان قازساق، ئۇنداقتا سەككىز ئېرىقتىكى سۇنىڭ بار يوقلۇقى ئارقىلىق 256 خىل ھالەتنى ئىپادىلىيەلەيمىز. ئېرىقتىكى سۇغا ئوخشاش، ئېلېكترون ئېقىمىمۇ توك بېسىمى يۇقۇرى جايدىن توك بېسىمى تۆۋەن جايغا قاراپ ئاقىدۇ، يەنى تاق يۆنىلىشلىك ئاقىدۇ. ئاددى ماتېماتىكىلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، سەككىز تاق يولدىن تۈزۈلگەن توك ئۆتكۈزگۈچتە ئېلېكتىر ئېقىمىنىڭ بار

---

I يەتمىش كىلولۇق ئادەم بەدىنىدە يەتتىنىڭ ئارقىسىغا 27 دانە نۆلنى قويغان ساندىكى ئاتوملار بولىدۇ، ھەر بىر ئاتومدا ئىككىدىن كۆپ ئېلېكترون بولىدۇ.

II قىزىققۇچىلار يۇتيۇبدىكى بۇ ئاممىباب لېكسىيىگە قارىسۇن: https://youtu.be/ZoqxcFRl7Us

ياكى يوقلۇقىنى 0 ياكى 1 رەقىمى بىلەن ئىپادىلىسەك، بىزگە تونۇشلۇق رومانتىك «سىزنى سۆيىمەن»[I] جۈملىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەش مۇمكىن:

| كۇنۇپكا تاختىسى | U | O | Y | (بوشلۇق) | E | V | O | L | (بوشلۇق) | I |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كومپيۇتېر تىلى | 01110101 | 01101111 | 01111001 | 00100000 | 01100101 | 01110110 | 01101111 | 01001100 | 00100000 | 01001001 |

مانا بۇ كومپيۇتېرنىڭ تىلى بولغان ئىككىلىك (binary) سىستېما. بىز مۇشۇ ئىككىلىك سىستېمىنى ئوخشىمىغان ھالەتلەرگە كېڭەيتىپ، يەنى 0 ۋە 1 دىن ئىبارەت ئىككىلىك ئۆلچەمدە ئۇلارنى ئوخشىمىغان ھالەتتە تۈرلەپ، كومپيۇتېردا تىل، رەڭ، ئاۋاز، ماتېماتىكىلىق ئەمەللەر ۋە لوگىكىلىق ھېسابلاشلارنى ئىپادىلەشنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. 1904-يىلى پاتېنتقا ئېلىنغان بىر يۆنىلىشتىلا توك ئۆتكۈزىدىغان قۇتۇپلۇق ۋاكۇئۇم نەيچىسىنىڭ (vacuum tube) ئىجادى بىلەن، توك يولىدا ئېلېكتىر ئېقىمىنى كونترول قىلىش ۋە ئارقىدىنلا شىفىرلىق مەشغۇلات ئىشقا ئاشتى. 40-يىللاردا، دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ھەربىي شىفىر يېشىش تەقەززاسى بىلەن تۇنجى ئېلېكترونلۇق كومپيۇتېرلار ۋۇجۇتقا چىقتى. كېيىنچە، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرىدىن ئىشلەنگەن ئىككى قۇتۇپلۇق ۋە ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا (يەنى ترانزىستور[II]) نىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن بۇ تەرەققىيات تېخىمۇ ئىتتىكلىدى.

ئەللىكىنچى يىللاردىن تارتىپ ھازىرغىچە كومپيۇتېر تەرەققىياتىدا ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. مەيلى ھېسابلاش تېزلىكى بولسۇن، ياكى ئۇچۇر ساقلاش سىغىمى (ئەستە ساقلاش) تەرەپتىن بولسۇن، ئىنژېنىرلىق تارىخىدىكى ئەڭ تېز يېڭىلانغان ساھە بولۇپ قالدى. ھازىرقى كومپيۇتېرلارنىڭ خۇددى ئادەم مېڭىسىدىكى نېرۋىلارغا ئوخشاش ئاساسىي بىرلىك ئېلېمېنتى بولغان موسفەت (MOSFET)[III]، چوڭلۇق جەھەتتە 1971-يىلىدىكى ئون مىكرومېتىردىن، 2020-يىلىغا كەلگەندە 5 نانومېتىرغا[IV] چۈشكەن، يەنى ترانزىستورلارنىڭ سانى بىرلىك بوشلۇقتا ھەر يىلدا بىر ھەسسىلەنگەن. موسفەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى مىسالغا ئالساق، 1960-يىلىدىن 2018-يىلىغىچە تەخمىنەن 13 سېكستىللىيون[V] دانە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئىنسان تارىخىدىكى ئەڭ كۆپ ئىشلەنگەن مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. تارىختىكى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان ساھە بولۇشىغا قارىماي، تېخىمۇ تېز، ئۇچۇر ساقلاش ھەجمى تېخىمۇ چوڭ بولغان، ئېنېرگىيە ئېھتىياجى تېخىمۇ تۆۋەن بولغان كومپيۇتېر ۋە ئەقلىفونغا ئوخشاش ئۇچۇر ئۈسكۈنىلەرگە بولغان ئېھتىياج ھېچ بىر تويۇنىدىغاندەك ئەمەس. ئەپسۇسكى، مۇشۇ تەرەققىياتلارغا سەۋەبچى بولغان، شۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ كەشپىگە ئاساس بولغان فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ چەكلىمىگە ئاللىقاچان دۇچ كەلدۇق ۋە ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەردە بۇ چەكلىمىلەرنى قانداق ھەل قىلىش ھەققىدە تەتقىقاتلار داۋام قىلىۋاتىدۇ[VI]. قانداق قىلغاندا بۇ ساھەدە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ يېڭى بىر تېخنىكا ئىنقىلابى بەرپا قىلىش دىققەتنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. يەنى ئۇچۇر ساھەسى ھازىر بىر دۆلەت ئىقتىسادى، ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە شۇنداق ھەل-قىلغۇچ ئورۇنغا

I بۇ يەردە ئىنگلىز تىلىدىكىنى مىسالغا ئالدۇق، ئۇيغۇرچىسى تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.

II ئۇيغۇرچە كىتابلاردا بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ئەسلى پەرقلىق ئۇقۇملار، يەنى لامپا دەپ توغرا تەرجىمە قىلىنمىغان.

III مېتال-ئوكسىد يېرىم-ئۆتكۈزگۈچ مەيدان ئېففېكتى ترانزىستورى.

IV بىر نانومېتىر بىر مېتىرنىڭ مىلياردتىن بىرى.

V سېكستىللىيون: مىلياردنى مىليارد ھەسسىلەپ يەنە مىڭغا كۆپەيتكەندىكى سان.

VI بۇ ساندىكى «كۋانت كومپيۇتېر تەتقىقاتىدا بۆسۈش» تېمىسىغا قاراڭ.

كەلدىكى، بۇ بۆسۈشنى روياپقا چىقارغان دۆلەت شەكسىزكى كەلگۈسى دۇنيادا كونتروللۇق ئورۇنغا ئۆتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، بۇ ساھەگە تەرەققى تاپقان دۆلەتلەر ھەم دۇنياۋى شىركەتلەر ئىنتايىن كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىۋاتىدۇ، 2019-يىلى 4 تىرلىيون دوللار ئاجرىتىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە تور بىخەتەرلىكى ئۈچۈن 125 مىليارد دوللار ئاجرىتىلغان. بۇ سانلارنىڭ ھەم يىلىغا تەخمىنەن 4% تېزلىكتە ئېشىپ مېڭىشى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ خىل ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن بىز يېڭى فىزىكىلىق ھادىسىلەردىن، شۇ ھادىسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز. يەنى ھازىرقى كۆنىمىزدە ئىشلىتىۋاتقان تېخنىكىنى خۇددى كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلغان پار ماشىنىسىنى ھازىرقى ئېلېكتىر ماشىنىسىغا ئۆزگەرتكەندەك پۈتۈنلەي يېڭى تىپتىكى تېخنىكىغا ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.




كومپيۇتېرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى، يەنى مېڭىسى بولغان مەركىزى بىر تەرەپ قىلغۇچ (CPU) لارنىڭ ۋە باشقا ھېسابلاش ماشىنىلىرىنىڭ تارىخي تەرەققىيات جەريانى. ھېسابلاش ئۈنۈمى جەھەتتە چاشقان مېڭىسى سەۋىيىسىگە يېتىپ دەپ قالدۇق.

يېڭى ئىنقىلاب ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر نەچچە خىل مۇمكىنچىلىك بار، بۇ يەردە مەن ئەڭ قىزىزىق تېما بولىۋاتقان سپىنترونىك ئىلمى ھەققىدە توختىلىمەن. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان ئېلېكتىر ئېقىمى ئىنتايىن كىچىك بولغان ئېلېكترونلاردىن تەركىب تاپىدۇ، يەنى مەنپىي زەرەتلىك سانسىزلىغان ئېلېكترونلارنىڭ ئوخشاش يۆنىلىشتىكى ئاقما ھەركىتى. بىز سانائەتتە مۇشۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىلى 140 يىلدىن ئاشتى. بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكتىر ئېقىمى ئارقىلىق ھېسابلاشنى تېخىمۇ ئىنتىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك (توكنى ئاز يەيدىغان) قىلىش بارغانچە تەسلىشىۋاتىدۇ. ئاساسلىق سەۋەب، ھازىر قوللىنىۋاتقان تېخنىكا ئۆزىنىڭ فىزىكىلىق چېكىگە يېتەكلىنىۋاتقاندۇر، شۇڭا دىققىتىمىزنى بىز تېخى تۈزۈك پايدىلانمىغان ئېلېكترونىڭ يەنە بىر ئاجايىپ خۇسۇسىيىتى سپىنغا ئاغدۇرىمىز. ئېلېكترون زەررىچىسىنىڭ بۇ سپىن خۇسۇسىيىتى بەكمۇ ئۆزگىچە بىر فىزىكىلىق ھادىسە بولۇپ، بۇنى ھازىرغىچە بىز

ئىنسان بىلىدىغان تىل بىلەن يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز، خۇددى ئېينشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدەك، سپىن دۇنياسىدىكى قانۇنىيەتلەر پۈتۈنلەي باشقىچە، بۇ ساھەنى كۋانت فىزىكىسى دەيمىز.

شۇنداقتىمۇ بىز ئامال بار سپىننى زاغرا تىلغا تەدبىقلاشقا تىرىشىمىز، مىسالەن: ئېلېكترون زەررىچىسىنى يەر شارىغا ئوخشاتساق، سپىن ئۇنىڭ ماگنىتلىق قۇتۇپىغا ئوخشايدۇ؛ خۇددى يەر-شارىمۇ ھەر مىليون يىلدا بۇ قۇتۇپىنىڭ يۆنىلىشىنى 4-5 قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇرغانىدەك، ئېلېكترونمۇ قۇتۇپىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، يەنى ئىككى خىل ئوخشىمىغان ھالەتتە بولالايدۇ. قىزىقارلىق يېرى، ئەگەر ئىككى ئېلېكترون ئوخشاش ئېنېرگىيە ھالىتىدە بولۇپ قالسا، ئارلىقى قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر-بىرىنى چەكلىمىسىز «سېزەلەيدۇ»، جۈملىدىن بىرسىنىڭ قۇتۇپى شىمالغا قارىسا يەنە بىرسى شۇ ھامان جەنۇبقا قارايدۇ. دېمەكچى بىر تال ئېلېكترون پۈتۈن ئالەمدىكى ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئېلېكتروننىڭ ئېنېرگىيە ھالىتىنى «بىلىپ» تۇرىدۇ، بۇنى كۋانت باغلىنىش (quantum entanglement) دەيمىز. ئېلېكترونلار ھەرىكەت جەھەتتىن زەررىچىلا ئەمەس بەلكى سۇ ياكى ھاۋا دولقۇنىغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلالايدۇ،




كۋانت دۇنياسىدىكى ئىككى غەلىتە ئۇقۇم: باغلىنىشلىق ۋە قاتلانغان ھالەت.

يەنى قوشماق خۇسۇسىيەتلىك. تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى، ئېلېكترونلار بىز كۆزەتكەن ۋاقىتتا زەررىچىدەك بولۇۋالسا، كۆزەتمىگەندە دولقۇندەك بولۇۋالىدۇ.

يەنە بىر ئالاھىدە يېرى، بىز ئېلېكترون سپىنىنىڭ قايسى تەرەپكە قاراۋاتقىنىنى پەقەت كۆزەتكەندە ئاندىن بىلىمىز، كۆزەتمىگەن ھالەتتە، ئىككى خىل ھالەت تەڭ مەۋجۇد بولىدۇ، بۇنى قاتلانغان ھالەت (superposition) دەپ تۇرايلى، شۇڭلاشقىمۇ بۇ ساھەدە ئېھتىماللىق ماتېماتىكىسى بىلەن ھېسابلاش ئېلىپ بارىمىز. «شرۆدىنگېرنىڭ مۈشۈكى» (Schrödinger’s cat) ئۇقۇمىمۇ مۇشۇ ھادىسىگە قارىتىلغان يەنى، ئېلېكتروننىڭ سپىن ھالىتىنى (بېشى يۇقۇرىغا ياكى تۆۋەنگە قارىغان ئىككى خىل ھالىتى) قەپەزگە سولاقلىق مۈشۈكنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىككى ھالىتىگە ئوخشاتساق، بىز شۇ قەپەزنى ئاچمىغۇچە شۇ مۈشۈكنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلەلمەيمىز، بىلىش ئۈچۈن چوقۇم قەپەزنى ئېچىشىمىز، يەنى «كۆزىتىشىمىز» كېرەك بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەر بەلكى بۇ يەردە ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ دېيىشى مۇمكىن، مەن ئەڭ مۇھىم بىر نەرسىنى دېمەي ئۆتۈپ كەتتىم، بۇ يەردىكى بىز بىلىدىغان دۇنيادىكى ئوخشىماسلىق شۇكى، شۇ مۈشۈكنى قەپەزگە سولاشتىن بۇرۇن ھاياتتى ياكى ئۆلۈكتى دەپ بىلىمىز، ئاخىرقى نەتىجىسى يەنىلا ئوخشاش بولىدۇ. يەنى بۇ يەردە «ما مۈشۈكنى ئابىيامىلا ساپ-ساق سىلىپ قويسام بىردەمدە ئۆلۈپ قاپتىغۇ» ياكى «ئۆلۈك مۈشۈكنى سىلىپ قويسام تىرىلىپ قاپتىغۇ» دېيەلمەيسىز. ساندۇقنى ئاچمىغۇچە مۈشۈك ھەم ئۆلۈك ھەم تىرىكلىكى ئېنىقسىز ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەنى مۈشۈكنىڭ ھايات-ماماتىنى پەقەت




بىز ئادەتتە ئىشلىتىدىغان توك ئېقىمى بىلەن سپىن ئېقىمىنىڭ پەرقى. ئېلېكترونلارنىڭ ئىككى خىل سپىن ھالىتى بولىدۇ، بۇ خىل سپىن ھالەت بەك ئاجىز بولغاچقا توك يولىدىكى توسالغۇلار سەۋەبلىك سپىن ھالىتىنى ساقلىيالمايدۇ پەقەت زەرىتىنى ساقلاپ بىز بىلىدىغان ئېلېكتىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر سپىن ھالەتنى ساقلاش مۇمكىن بولسا، بىرلا سپىن ھالەتتىن تۈزۈلگەن سپىن ئېقىمى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئېنېرگىيە ئىسراپ بولمايدىغان ئېقىم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

كۆزىتىشىمىز بەلگىلەيدۇ. دېمەككى، كۋانت دۇنياسىدا، بىز كۆزەتمەكچى بولغان ھادىسە شۇ كۆزىتىشىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بىز ئۆلچىمەكچى بولغان شەيئى قانداق ئۆلچىشىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىر غەلىتىلىك: بىز ھېس قىلىدىغان دۇنيادا ئەگەر شۇنداق بىر مۆشۈكنى ھەم بىر ياغاچ ساندۇققا سولاپ قۇلۇپلاپ قويسىڭىز، ئۇ مۆشۈك مەڭگۈ چىقالمايدۇ. لېكىن كۋانت ئېلېكترون دۇنياسىدا ئۇ مۆشۈك سېھىرلەنگەندەك كۆچى يەتمەيدىغان توساقتىنمۇ چىقىپ كىتەلەيدۇ، ھىچ يېرىنى زەخىملەندۈرمەستىن ھەم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تۆشۈكتىن تەڭ ئۆتەلەيدۇ... بۇ كۋانت دۇنياسىدىكى ئىنتايىن نورمال ئىشلار، يەنى تۆگىنىڭ تۆگمىنىڭ ئىككى-ئۈچ تۆشۈكىدىن تەڭ ئۆتۈشى بىز ئەتكەن-چاي ئىچكەندەكلا نورمال بىر ئىش.

كۋانت دۇنياسىدىكى ئېلېكترونىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلسىمۇ، ئېينىشتېيىنغا ئوخشاش خېلى كۆپ ئالىملارنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەلەردىن گۇمانلاندۇرغان بولسىمۇ، بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى تەجرىبىدە ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ بولدۇق ھەم خېلى كۆپ ساھەلەردە قوللىنىشىنى باشلىۋەتتۇق. شۇڭا بۇ يەردە ھازىرچە بۇنداق غەلىتە ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە بەك ئىچكىرلىمەي، دىققىتىمىزنى ئېلېكترونىنىڭ بۇ سپىن ھالىتىدىن قانداق پايدىلىنىشقا قارىتايلى. بىز ھازىرغىچە ئىشلىتىۋاتقان توك ئېقىمىدا شۇ ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن ھەر بىر ئېلېكترونىنىڭ سپىن ھالىتى مۇقىم بولالمايدۇ، يەنى سپىن ھالەت بەكلا «ئاجىز» بولغاچقا توسالغۇلار تەسىرىدە ئاسانلا بېشى قېيىپ قالىدۇ-دە توختىماي قالايمىقان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، پەقەت بۇ ھالەت ئېلېكترونىنىڭ زەررىچە خۇسۇسىيىتىگە تەسىر قىلمايدۇ. باشتا دەپ ئۆتكەنىدەك، نورمال زەررىچە ئېقىمى يۇقىرى بېسىم تەرەپتىن تۆۋەن بېسىم تەرەپكە پەقەت بىر يۆنىلىشتە ئاقىدۇ، بۇ ئېقىش جەريانى كۆپ ئېنېرگىيە تەلەپ قىلىدۇ، ھەم بۇ ئېنېرگىيەنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى توك يوللىرىدا ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شەكلىدە ئىسراپ بولۇپ




ئېلېكترون سپىن ئۇقۇمى چۈشەندۈرمىسى ۋە سپىننى ئاساس قىلغان ئىككى خىل قوللىنىش ئىسخىمىسى: قۇتۇپلاشقان سپىن ئېقىمى ئىشلىتىش ۋە قاتلانغان سپىن ھالەت ئارقىلىق  كۋانت كومپيۇتېرلىرىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇش.

كېتىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ تېلېفونلىرىمىز قىزىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ھەممىسى ئىسراپ بولغان ئېنېرگىيە.

ئەگەر شۇ ئېلېكترونىنىڭ سپىن ھالىتىنى كونترول قىلىپ، سپىننى سپىن ئېقىمغا ئايلاندۇرالىساق، بىر ئېرىقتا ئىككى خىل ئېقىم ماڭدۇرالايمىز، بېشى يۇقىرى قارىغان يۇقىرىقى سپىن ھالەتتىكى ئېلېكترونلار بىر يۆنىلىشكە قاراپ ماڭسا، بېشى تۆۋەن قارىغان تۆۋەنكى سپىن ھالەتتىكى ئېلېكترونلار قارشى تەرەپكە ماڭىدۇ؛ ھەم بۇنداق سپىن ئېقىمى ھېساباتا ئېنېرگىيە سەرپ قىلمايدۇ[I] (نەزەرىيە جەھەتتىن). بۇنداقتا بىر ئەسلى تاق يوللۇق بىر قاتناش يولىنى بىر-بىرىگە تاقاشمايدىغان قوش يۆنىلىشلىك يولغا ئايلاندۇرالايمىز، بۇ ھېسابلاش تېزلىكى بىر قاتلاندى دېگەن گەپ، يەنە بىرىگە بۇ پرىنسىپ بويىچە ئىشلەنگەن مېڭلەر (تۇك يولىدىكى ئۆزەكلەر) ئىنتايىن ئاز تۇك يەيدۇ. مانا بۇ ھازىرقى ئۇچۇر ئىلمىدىكى ئەڭ قىزىق تېما بولغان سپىنترونىك ئىلمى.

I ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئۆتكۈزگۈچلەردە توك ئېقىمى ئۆتكەندە ئوم قانۇنى بويىچە قارشىلىق تەسىرىگە ئۇچراپ بىر قىسىم ئېنېرگىيە ئىسسىقلىققا ئايلىنىپ ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. ساپ سپىن ئېقىم ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەندە بولسا، ئوخشىمىغان فىزىكىلىق قانۇنلار بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئېنېرگىيە ئىسسىقلىق شەكلىدە ئىسراپ بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە سپىنترونىك ئىلمىنىڭ قوللىنىش ساھەسىگە بىر پۈتمەس كىرىپ بولدى، يەنى بۇ كەلگۈسىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يۈزلىنىش. ئاددىسى، ھازىرقى كۈنىمىزدە بىز ئىشلىتىۋاتقان كومپيۇتېرنىڭ ئۇچۇر ساقلايدىغان قاتتىق دىسكىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئوقۇيدىغان سەزگۈچ (سىنزور) سپىن پرىنسىپىنى نورمال ئېلېكتىر ئېقىمى يولىغا قوشۇپ ياسالغان، ھېسابتا سپىن ھالەتنىڭ تۇنجى قوللىنىلىشى دېيىشكە بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا، بىز ھازىرچە قوللىنىشقا تىرىشىۋاتقان سپىن ھالەت ئېقىمى يەنىلا زەررىچىلەر ئېقىمى بولۇپ، پەقەت مەلۇم پىرسەنت قىسىم ئېلېكتىر زەررىچىلىرىلا سپىن ھالەتنى ساقلىغان بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنى ئادەتتە سپىن قۇتۇپلاشقان ئېقىم دەپ ئاتايمىز. ساپ سپىن ھالەت ئېقىمىنى پەيدا قىلىش ھەم قوللىنىش تېخىمۇ تەس، ئەلۋەتتە بۇ كېيىنكى قەدەم. نۆۋەتتە شۇنداق ساپ سپىن ئېقىمى بېرەلەيدىغان ماتېرىياللار بايقالدى، مەسىلەن: توپولوگىكال ئىزولياتورلار (Topological insulators)، ھويسلېر قېتىشمىسى (Heusler alloys)، ئىككى بوشلۇق ماتېرىياللار (2D materials)، ھەم شۇنداق ئالاھىدە ماتېرىياللارنى قانداق قىلغاندا ئەمەلىي قوللىنىش ھازىرقى ئۇچۇر ئىلمى فىزىكىسىدىكى جىددىي تەتقىقاتلاردۇر.

سپىنترونىكتىن كېيىنكى (بەلكى پاراللېل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان) بۆسۈشتە كۋانت كومپيۇتېرلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ يەردە بىز شۇ ئېلېكترونلارنىڭ سپىن ھالەتلىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن تەسىرلىشىشىدىن پايدىلىنىمىز. بۇ ھازىرچە تېخنىكىلىق تەلەپى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىغان، ھازىرچە بىرەر كەم پالان كۈنى ئىشقا ئاشۇرىمىز دەپ كېسىپ ئېيتالمايدىغان بىر تەتقىقات يۆنىلىشى. كۋانت كومپيۇتېرنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: قولىمىزدا 256 دانە قارتا بار دەيلى، بىز بۇ قارتىلار ئىچىدىن قانچە دانە يەتتىلىك چىتىر بارلىقىنى بىلمەكچى بولساق، شۇ 256 قارتىغا بىردىن-بىردىن قاراپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. پەقەت سەككىز بىتتىن تۈزۈلگەن كومپيۇتېرمۇ ئوخشاش ماتېماتىكىلىق مەسىلىنى دەل شۇنداق تەرتىپ بىلەن، بىردىن-بىردىن ئىنقىلاپ چىقىدۇ، يەنى 256 خىل ھالەتنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن توك يولىدىكى 8 دانە ترانزىستورنىڭ ھەر-بىرىنى 256 قېتىم ئۆچۈرۈپ-ياندۇرىسىز، چۈنكى ھەربىر ترانزىستور بىر بىتلىق ئۇچۇرغىلا ئىگە: يا ئوچۇق (0)، يا يېپىق (1) ھالەتتىلا بولالايدۇ. ئەمدى سەككىز بىتلىق (يەنى سەككىز كيۇبىت) كۋانت كومپيۇتېرىدا بۇ ۋەزىپىنى بىرلا قەدەم بىلەن ھەل قىلىمىز. يەنى كۋانت كومپيۇتېرىدىكى ھەر بىر كيۇبىت بىر ئېھتىماللىق بولۇپ، ئوچۇق ۋە يېپىق ھالەتنىڭ قاتلانغان ھالىتى (0 ۋە 1 نىڭ بىرىككەن شەكلى). نەتىجىدە سەككىز كيۇبىتتا 256 خىل ئېھتىماللىق، 256 خىل ھالەت تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خۇددى 256 جۈپ كۆزىڭىز ۋە قولىڭىز بولۇپ، باشقا نورمال ئادەملەر يەتتىلىك چىتىرلارنى تېپىش ئۈچۈن 256 قارتىنى بىر-بىردىن ئۆرۈپ تەكشۈرۈپ بولغىچە سىز بىر قېتىمدىلا ھەممىنى ئۆرۈپ تېپىۋالغاندەك ئىش. مەسىلە مۇرەككەپلەشكەنسىرى كۋانت كومپيۇتېرنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى بولىدۇ. 8 بىتلىق سىستېمىدا 255 قەدەم ئۇتسا، 16 بىتلىق سىستېمىدا 65535 قەدەم ئۇتىدۇ... N بىتلىق سىستېمىدا كۋانت كومپيۇتېرى $2^N-1$ قەدەم ئۇتىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ كۋانت كومپيۇتېرى ئىشقا ئاشسا، ئالەمشۇمۇل ئىنقىلاب پەيدا قىلىدىغان بىر بۆسۈش بولىدۇ، بۇ تېخنىكىنى قولغا كەلتۈرگەن دۆلەت ياكى شىركەت دۇنيادىكى ئەڭ شىفرى چېك (يەنى ھازىرقى كۈندىكى كومپيۇتېرلار نەچچە مىڭ يىلدىمۇ يېشىپ بولالمايدىغان) ئىككىنچى بىر كومپيۇتېرنى نەچچە مىنۇتتىلا يېشىۋېتەلەيدۇ. يەنى، بىر ئۆرۈلۈپلا دۇنيانى سورايسىز. بۇ ھەقتە مەزكۇر سانىمىزنىڭ «كۋانت كومپيۇتېر تەتقىقاتىدا بۆسۈش» خەۋەر بەردۇق ۋە كېيىنكى سانلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز.

قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نەرسە: گەرچە كومپيۇتېرلار ھازىر شۇنداق ئىلغارلاشقان بولسىمۇ بىز ئادەم مېڭىسىدىن يەنە بەك يىراقتا. بولۇپمۇ ئىش ئۈنۈمىنى سېلىشتۇرساق (بىرلىك ھېسابلاشقا كەتكەن

ئېنېرگىيە)، بىز ئادەم مېڭىسىگە يېقىنمۇ كېلەلمەيدۇق. بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ پەرق ئادەم مېڭىسى پاراللېل ھېسابلاشنى ئاساس قىلىدۇ، يەنى بېشىمىزدا مىليونلىغان ۋىجىك كومپيۇتېرلار بار دەك بىر ئىش، خۇددى ھازىرقى ئويۇن كومپيۇتېرلىرى ئىشلىتىدىغان گرافىك بىرتەرەپ قىلغۇچ (GPU) دەك. ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىشتا ئادەم مېڭىسى 20 ۋات ئىشلەتسە، ھازىرقى كومپيۇتېرلار 7.9 مىليون ۋات ئىشلىتىدۇ، غايەت زور پەرق! بۇ ئۆنۈمگە يېتىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان تەتقىقات يولىدا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، ھەم بۇ ھەقتە تەتقىقاتلار بارغانچە كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ ساھەنى ھازىرچە نېرۋاشەكىللىك ھېسابلاش (neuromorphic computing) دەپ ئاتىۋالدۇق، يەنى ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىشلەش شەكلىگە ئوخشىتىپ لايىھىلەش۞

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. Awschalom, D et al. The diamond age of spintronics. *Scientific American* (2007).

2. Arabi, K. Driving opportunities and technical challenges of the next wave of semiconductor devices, *FEDfRo* (2016).

3. Ando, K. Elucidation of spin current caused by properties of the electron as a magnet. *New Kyuri-zukai* **21**, 2-3 (2015).

4. Parkin, S. The Spin on Electronics! -Spintronics- The Nanoscience and Nanotech of Spin Currents, The Spin on Electronics! KITP Public Lecture by Stuart Parkin - YouTube


## ئاپتور:


ماتېرىيال فىزىكا دوكتورى، ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى تەتقىقاتچىسى.
(barat.achinuq@physics.ox.ac.uk)

# چاقنىغان يۇلتۇزلىرىمىز

## قەيسەر مىجىت

بۇنىڭدىن بەش - ئالتە يىللار ئىلگىرى بىر تىجارەتچى قېرىندىشىمىز بوستوننى زىيارەت قىلغىنىدا ماڭا ئۆزىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. مېھمانىنىڭ يۈزىنى قېلىش كېرەك ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئىنىمىزنى شەنبە كۈنى سەھەردە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئېلىپ باردىم. مەكتەپنىڭ قورۇسىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئۇ ماڭا: «مۇئەللىم، توپداشلارغا مۇشۇ يەردىن بىر سالام يوللىۋەتكەن بولسىڭىز؟» دەپ بىر تەلەپ قويدى.

**ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن نەق مەيداندىلا سۆزلەشكە باشلىدىم، ئۇمۇ نەق مەيداندا تارقاتقىلى تۇردى:**

**مانا بۇ يەر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۆزۈڭلار كېلەلمىسەڭلارمۇ پەرزەنتلىرىڭلارنى «تالانت سەھنىسى»گە چىقارماي، مۇشۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتىڭلار...**

مەن بۇ بىر مىنۇتقا يەتمىگەن قىسقىغىنە سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تېزلا تارقىلىپ، مەلۇم غۇل-غۇلىلارغا سەۋەب بولغىنىنى كېيىن ئاڭلىدىم. «ياخشى گەپ قىلىپتۇ» دېگەنلەرمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالغانلارمۇ بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، «ئورۇنسىز گەپ قىپتۇ، سەھنىگە چىقىدىغان سەنئەتچىلەرنى چۈشۈرۈپ گەپ قىلىپتۇ» دەپ ئاغرىنغانلارمۇ بولۇپتۇ.

مەن ياخشى گەپلەرنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ سۆزلەشكە تىرىشقىنىم بىلەن، ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلىشتىن ھەر زامان ئېھتىيات قىلىپ كەلگەنمەن. ئەمما «توغرا» دەپ قارىغان پىكرىمنى يۇتۇۋالماي سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن ئىكەنمەن. شۇڭا، ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ بۇ كىچىككىنە سىنئالغۇ فىلىمىدىكى ئۇ گەپلەر ھەققىدە ھەر خىل پىكىردە بولۇشىنى توغرا چۈشەندىم. چۈنكى، ھەر كىم مەلۇم نەرسىنى ئۆزىنىڭ سەۋىيەسى ۋە قىممەت قارىشىغا ماسلاشتۇرۇپ چۈشىنىدۇ.

گەرچە مېنىڭ مۇھاجىرلىق ھاياتىنى ياشاۋاتقىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىم، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشلىرىم ھەم شەخس سۈپىتىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئەمەلىيەتلىرىم ياش چاغلىرىمدىكى ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلدى.

مەن ئالدى بىلەن ئىلىم-پەننىڭ خەلقىمىزنى كۈچلۈك قىلىشىدا ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر، سىياسىيون ۋە كەشپىياتچى بېنجامىن فرانكلىنىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «مەرىپەتلىك مىللەتنى ھېچكىم مەڭگۈ قۇل قىلالمايدۇ». شۇڭا بىز بىر ئومۇمىي خەلق سۈپىتىدە

مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، قانچىلىك زۇلمەتلىك كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئەۋلادلىرىمىزنى ئوقۇتىشىمىز، ئوقۇتقاندىمۇ دۇنياۋى ياخشى مەكتەپلەردە، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى بار ياخشى كەسىپلەردە ئوقۇتىشىمىز كېرەك. ئاساسىي مائارىپنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرلىكتە ئالىي مائارىپتا دۇنياۋى پەن تەتقىقاتىنىڭ رىقابەت دولقۇنلىرىدا ئۈزەلەيدىغان ياش تەتقىقاتچى ئالىملىرىمىزنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز ھەم ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ ئىلىم-پەن سەھنىسىدە چاقنىشىغا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

مەن يىگىرمە ئۈچ يېشىمدا، 90-يىللاردىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىلىك يارىتىش ئەمەلىيىتى ھەققىدە» باشلانغۇچ سەۋىيەسىدە ئىزدىنىشىم ئاساسىدا «بىزدىكى كەم نەرسىلەر» ماۋزۇلۇق قىسقا يازمىنى يېزىپ، ئۈرۈمچىدە ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغان ئىدىم. ئۇنىڭدا، شۇ يىللاردا مىليونلاپ پۇل تاپقان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنى كارخانىلىششقا، كاپىتال بىلەن تېخنىكا بىرلەشكەن زامانىۋى كارخانىلارنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق سانائەتلىششكە كۆچۈشكە تەشەببۇس قىلغان ئىدىم. لېكىن ئۇ تەشەببۇسنىڭ بىرەر تىجارەتچىنىڭ قۇلىقىغا كىرگەن ياكى كىرمىگەنلىكىنى كۆرۈش نېسىپ بولماي تۇرۇپلا، ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىپ كېتىپ قالدىم. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىق قوللىنىلىشقا يۈزلىنىشى، بىزدەك چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئەمما قەلبى ھەر دائىم ۋەتەندە بولىدىغان كىشىلەرنى، خەلقىمىز بىلەن ئالاقە باغلاش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئىنتىلىش ھەم قىزىقىشلىرىنى چۈشىنىش، جۈملىدىن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى ساھەلەردىكى قىممەت قاراشلىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە قىلدى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى كۆزىتىشىمگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئېگىلىكنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ياكى كەسىپلىرى بويىچە قارىماققا زامانىۋىلاشقان، ئەمما زامانىۋى كارخانا بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى يېتەرلىك ھازىرلىمىغان نۇرغۇن كارخانىلار ۋە شىركەتلەر قۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ مەن كىشىلىرىمىزدىكى بۇ خىل ئېگىلىك تىكلەش تىرىشچانلىقلىرىدىن سۆيۈندۈم. چۈنكى، «ئالتە كەپتەرنىڭ ھەممىسى موللاقچى چىقمايدۇ»غانلىقىغا ئوخشاش، بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ زامانىۋى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەمما مەن يىللار بۇرۇن كۆرگەن ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ساھەدە چوڭ ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەس. ئەگەر ئىستراتېگىيەلىك ئېگىلىك تىكلەش تەپەككۇرى بىلەن ئىش تۇتىدىغان، كاپىتالى مول، كاللىسى ئوچۇق بىر تۈركۈم كارخانىچىلىرىمىز سىستېمىلىق زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش ئىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇلسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىجارەت يۆنىلىشى خەلقئارا بازارغا يۈزلەنسە، ئۇيغۇرلاردىنمۇ دۇنياۋى كارخانىچىلارنىڭ چىقىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولاتتى. مەن بۇ ئىشلارغا زور ئۈمىد بىلەن باققان ئىدىم. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئەمدىلا گۈللىنىشكە باشلىغان ئۇيغۇر كارخانىچىلارغا ئۈششۈك تەگدى، ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىندى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ قانچىسى خىتتاينىڭ زۇلمەتلىك لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىۋاتىدۇ، قانچىسى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنىۋاتىدۇ، ئۇ بىزگە نامەلۇم، ئەمما قىسمەتلەر بىر كۈنى چوقۇم ئېنىقلىنىپ ئاشكارىلىنىدۇ.

بىر ئادەمگە سوغۇق تەككىنى ئۈچۈن «مەن ئىمجان بولۇپ قالدىم» دەپ تىترەپ ئورۇن تۇتۇپ ياتسا، ئۇنىڭ ھالاكىتى تېزلىشىدۇ. زۇلمەتكە ئۇچرىغان بىر خەلق ھەرگىزمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، بولۇپمۇ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى ھەرگىز ئۈزۈۋەتمەسلىكى، خۇددى بىمار «باھار كەلگەندە چوقۇم ساقىيىپ كېتىمەن، كۈچلىنىمەن، پۇت-قولۇمغا ماغدۇر كىرىدۇ، تاغ-باغرىدا يۈگۈرەپ ئوينايمەن» دىگەن ئۈمىدتە ئورنىدىن تۇرۇشى كېرەك. تارىخىمىزدىكى بۇ ئەڭ قىيىن كۈنلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان پەيتتە چوقۇم ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، غۇرۇرىمىزنى، ئىززەت-ھۆرمىتىمىزنى قوغدىغۇدەك كۈچ ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشقا

تىرىشىشىمىز كېرەك.

بىر موزدۇزنىڭمۇ ئۆزى بىلىدىغان ئۆتۈك تىكىش ھۈنىرى ھەم كەسپىي سىرى بولىدۇ. شۇڭا مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ساھەسىدە مۇنداق بىر تەسەۋۋۇرنى قىلىپ بېقىۋاتىمەن: ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە تەبىئىي پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە دوكتورلۇقنى ئېلىپ، دۆلەتلىك تەتقىقات تەجرىبىخانىلىرىدا ۋە خۇسۇسىي شىركەتلەردە ئىشلەۋاتقان ئالىم تەتقىقاتچىلىرىمىز خېلى كۆپىيىپ قالدى. ئۇلارنىڭ شۇ دۆلەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىدا شەك يوق. سانائەتلەشكەن ۋە دېموكراتىك ئەللەردىكى دۇنياۋى دورا تەتقىقات شىركەتلىرىدە ئىشلەۋاتقان تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ ھەم خېلى كۆپ. ھەتتا، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىمىزنىڭ تەتقىقاتى بويىچە تونۇلغان تەتقىقاتچى ئالىملىرىمىزمۇ خېلى بار. بۇ كىشىلىرىمىز بىلەن يۈرىكىدە مىللەت سۆيگۈسى بار، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە قىزىقچىلىقلىرى ھەم قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرۈپ چىققان مەبلىغى زور بىر تۈركۈم كارخانىچىلىرىمىز بىرلىشىپ، تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، بازار ئېچىش ھەم سېتىش قاتارلىقلار سېستىمىلىق بولغان، زامانىۋى شەكىلدە باشقۇرۇلىدىغان پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرسا ئىنتايىن ياخشى بىر باشلىنىش بولىدۇ دەپ قارايمەن. يەنى بىر ئەسىر بۇرۇن قۇرۇلغان ئاكا- ئۇكا مۇسابايوفلار شىركىتىنىڭ دەۋرىمىزدىكى نۇسخىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، مۇشۇ ساھەدىكى ئالىم-تەتقىقاتچىلىرىمىزنى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرسە، بۇ كىشىلىرىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي تېبابەت قامۇسلىرىنى ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرى ئۆگەنگەن زامانىۋى پەننىي بىلىم ھەم ئۆزلىرى ئەمەلىيەت جەريانىدا تاكامۇللاشتۇرغان تەتقىقات مېتودى، تەجرىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «ئۇيغۇر شىفا» ماركىلىق دۇنياۋى دورا مەھسۇلاتىنى بارلىققا كەلتۈرسە، شىركەتنىڭ قارمىقىدىكى زاۋۇتلار بۇلارنى تۈركۈملەپ ئىشلەپ دۇنيا ساغلاملىق بازىرىغا سالسا ھەمدە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ شىركەتنى خەلقئارالاشتۇرسا، يەنى پاي چېكىنى نيۇيوركنىڭ ۋول كوچىسىدا تارقىتالايدىغان، دۇنيانىڭ كاپىتال بازىرىدىن مىلياردلاپ مەبلەغ يىغالايدىغان ۋە قوينىغا يىغالىغانىنى خەلقنىڭ قونچىغا تۆكەلەيدىغان دۇنياۋى ئۇيغۇر شىركىتى بولسا نەقەدەر مۇكەممەل بىر ئىش بولغان بولاتتى. ھەرقانداق بۈيۈك بىر ئىش مەلۇم بىر ئارزۇ ۋە غايە بىلەن باشلىنىدۇ. شېۋىقەدرىدەك ئايدىڭ كېچىدە ئاسماندىن توككىدە چۈشۈپ قالىدىغان ئامەتلەر پەقەتلا مۆجىزىدىن ئىبارەتتۇر. پىلانسىز ۋە مېھنەتسىز تۇيۇقسىز كېلىپ قالىدىغان تەلەي، چۈشىمىزدە، خىيالىمىزدا ياكى رىۋايەت چۆچەكلەردىلا مۇمكىن، خالاس.

مۇشۇنچىلىك ئارزۇ- ئارمىنىمىزمۇ بولمىسا، بەك ئۈمىدسىز خەلق بولۇپ قالىمىز. شۇڭا بىز مەۋجۇد ۋەزىيىتىمىزگە قاراپ مەيۈسلەنمەي، ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ئىجابىي كۈچلەردىن بولۇشىمىز كېرەك. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى مۇشۇنداق نىيەت ھەم ئىمكانىيەتتىكى كىشىلەر چاقنىشى كېرەك. ئۇلارنى ساپ نىيىتىمىز، سەممىي كۆڭلىمىز، ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتىمىز بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىمىز لازىم. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، پۇلى بارلار بىلىمى بارلارنى تەكلىپ قىلسۇن ۋە بىلىمگە مەبلەغ سالسۇن. مىللەت ۋە خەلقپەرۋەرلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلىرىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ جان-پىدالىق بىلەن تىرىشسۇن. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ياشلىرىمىزنى ئىشقا ئالايلى. ئىشقا ئېلىشتىن بۇرۇن قويۇلىدىغان تەلەپ ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلىش بولسۇن. ئەگەر تىرىكچىلىك يولىنى ئۇيغۇر تىلىغا باغلاپ قويسىڭىز، ياتلارمۇ سىزنىڭ تىلىڭىزنى ئۆگىنىپ،ئالدىڭىزغا خىزمەت سوراپ كېلىدۇ. ئەگەر مەبلىغىڭىز مول، خەلقئارالىق كارخانىچى بولسىڭىز، خەقتىن قەرز ئېلىپ قويغىنىنى ئۈچۈن، بېشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە سىزنى تونۇماس بولۇۋالغان، قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ يۈز ئۆرۈپ قاچقان، ساختا كور ھەم ساختا گاچىلار سىزنى دۆلىتىگە مەبلەغ سېلىشقا ئىلتىجا قىلىپ، سىز

بىلەن بولغان تارىخى، دىنىي ھەم مەدەنىيەت باغلىنىشىنى باھانە قىلىپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بۇلبۇلدەك سۆزلەپ پەيدا بولىدۇ.

ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ ياخشىلاش، ئەمەلىيەتچان ھەم ھەرىكەتچان، ئىشچان ھەم سەمىمىي بۇلۇش ئارقىلىق دۇنيا سەھنىسىدە چاقناش ۋە كۈچلىنىش ھازىرقى زاماندا زالىمنى يېڭىپ زۇلۇمنى يوقىتىشتىكى ئەڭ ياقشى قورال. بۇ مۇقەددەس غايىنىڭ ئىجراچىلىرى، بىزنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزلىرىمىز، دەل خەلقىمىزنىڭ قەددىنى رۇسلاش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن تىرىشۋاتقان پەن-تېخنىكا ئالىملىرىمىز، مىللەت سۆيەر، مەرد كارخانىچىلىرىمىزدۇر!

2020-يىلى نويابىر، ئامېرىكا بوستون.

ئاپتور:

ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورى، ئامرىكا خارۋارد ئۇنۋېرسىتىتى قارمىغىدىكى باللار دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ.
(kmejit@suffolk.edu)

## «بىلىم ـ كۈچ» ژۇرنىلى ھەققىدە

2020-يىلى 21-مارتتا، ۋەتەن سىرتىدىكى ھەر قايسى تەتقىقات ساھەسىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتى» مىز قۇرۇلدى. ئىنستىتۇت تەبىئىي پەن تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇزاكىرىسى نەتىجىسىدە، ۋەتەندە نەشر قىلىنىشتىن توختىغان «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنى ۋەتەن سىرتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە قارارلاشتۇرۇلدى.

«بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى، تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، بۇ كەسپلەردە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىنى خەلق بىلەن ئورتاقلىشىشى ئارقىلىق، تەبىئىي پەن ساھەسىدە مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئاممىباپ تەبىئىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان.

**ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەر:**

بىئولوگىيە، ئىنژېنېرلىق، گېئولوگىيە، خىمىيە، فىزىكا، ئۇچۇر ئىلمى، تىبابەت، ئىقتىساد قاتارلىق تەبىئىي پەن ساھەسىدە يېزىلغان بولۇشى كېرەك.

**ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:**

1. ئەسەرلەر «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى ئېلخەت ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. ئەسەرلەر «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى قېلىپ ھۆججەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە تەييارلىنىپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.
3. ئەسەردە ئاپتورغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئېنىق بولۇشى كېرەك.

**ئەسەرنىڭ باھالىنىش ۋە قوبۇل قىلىنىشى:**

1. ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك.

2. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر ئەڭ ئاز ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئاپتورغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار چىقىرىلىپ، تەتقىقات ساھەسىگە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.

3. باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن ماقالىلەر تەھرىر ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ. تەستىقتىن ئۆتمىگەن ماقالىلەر تەكلىپ-پىكىرلەر بىلەن بىرلىكتە ئاپتورغا ئېلخەت ئارقىلىق بىلدۈرۈلىدۇ. ئاپتور ماقالىنى تۈزىتىش ياكى ژۇرنالدىن قايتۇرۇپ ئېلىشنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

**ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىشى ھەققىدە:**

ژۇرنىلىمىزغا بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ. «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى تەبىئىي پەن ئاممىباپ (تور) ژورنال بولۇپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقى (ئەرەپ ئېلىپبەسى) ۋە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى (لاتىن ئېلىپبەسى) دا ئېلان قىلىنىدۇ. يىللىق ياكى پەسىللىك شەكىلدە نەشر قىلىنىپ، ئونىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «بىلىم ـ كۈچ» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى



Knowledge-Power

**biannual popular science magazine**

published by

Kutadgu Bilig Institute